# XYOUTH

新疆青年

يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تۆھپىكارى

ئۈچمەس يالقۇن

ساختا سېخىلىق، ئۈنسىز خىتاب

تەدبىر ۋە تەقدىر

ئاخبارات سېپىدىكى تۆھپىكار

يېڭى رېتسېپ



10
1997

# شىنجاڭ ياشلىرى

ISSN 1002-9109
10 >
9 771002 910000

# بەدىئي سۈرەتلەردىن تاللانما





↑ بېلىق كاۋىپى　　ئۆركەش جاپپار فوتوسى

← دادا، چاي ئىچىڭە　　ئۆركەش جاپپار فوتوسى





↑ كىچىك رىيالچى　　ئالىم خالىدىن فوتوسى

↑ سىرداشلار　　ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

1997

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: ماملىڭ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى چيۈەن




باش ئوقۇتقۇچى

# مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تۆھپىكارى | | مۇھەممەت پولات 1 |
| ئۆچمەس يالقۇن | | باتۇر روزى 9 |
| يېگىدىن تۇرمۇش قۇرغان ئىنىمغا ئوچۇق خەت | | مۇھەممەت ياسىن 15 |
| رەقەملەر دۇنياسىدىن كەلگەن سىگنال | | تۇرغۇنجان تۇرسۇن 19 |
| روسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىن روسىيىگە نەزەر | | ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 21 |
| داۋالاش سېپىدىكى هارماس تۇلپار | | ئوبۇلھەسەن داۋۇت 27 |
| يېڭى مۇھىت ۋە ماسلىشىشچانلىق | | سىدىق يۈسۈپ 41 |
| تەدبىر ۋە تەقدىر | | ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 33 |
| ئاخبارات سېپىدىكى تۆھپىكار | | ئىپتىخار ئېلى 39 |
| توي كىيىمى ۋە ھەشەمەتلىك ماشىنا قىزغىنلىقى | | ئا. قاسىم 43 |
| كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر | | روقىيە كېۋىر 47 |
| تەكرارلاشقا قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك | | زىمىنۇرە سابىر 53 |
| يېڭى رېتسىپ | (ھېكايە) | رۇسۇل ئىمىن 55 |
| ئەتە ئۆچۈن بۈگۈن غەم يېدىم | (شېئىر) | ئابدۇرېھىم زۇنۇن 60 |
| ناۋائى غەزىلىگە تەخمىس | (شېئىر) | تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 61 |
| بەزلەر | (شېئىر) | مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم 61 |
| مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: | (تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ مۇشتىرى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانى) | |


سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(مۇئاۋىن بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم، گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىرى: ئى. ئىبراھىم، ھ. ھاجى)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

تىلىڭنى ياخشى سۆزلەرنى سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرگىن. تىلىڭ قايسى سۆزنى سۆزلەشكە ئادەتلەنسە، ھەمىشە شۇ سۆزنى ئېيتىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

كۆپ سۆزلىمە، بىرەر - بىرەر سۆزلە، ئاز سۆزلە، تۈمەنمىڭ سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىرلا سۆز بىلەن يەشكىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلنىڭ كۆپ پايدىسى بار، شۇنداقلا ئۇنىڭ زىيىنمۇ نۇرغۇن. بەزىدە تىل ماختايدۇ، بەزىدە مىڭ تۈرلۈك سۆكىدۇ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سۆزنى بىلىپ سۆزلە، سۆزۈڭ كۆزسىز قارىغۇغا كۆز بولسۇن.

— مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

ئىككى نەرسە بىر ئادەمدە جەم بولسا، ئۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولى ئېتىلىدۇ: بىرسى، كېرەكسىز سۆزلەرنى بىلجىرلىسا، ئىككىنچىسى يالغان سۆزلىسە.

— ئەھمەد يۈگنەكى

تۇغۇلغان ئادەم ئۆلىدۇ، بىلگىنكى، سۆزى يادىكار قالىدۇ. ياخشى سۆزۈڭنى سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلمەيسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەقىللىق ئادەم بىمەنە، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى پاك ساقلايدۇ.

— ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى

كۆڭۈلدىكى تىل جاراھىتى ساقايمايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ.

— گەلشىر نەۋائى

(«مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى» ناملىق كىتابتىن خېلىل تەييارلىدى) (08)

## زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىتىدىغان دورا




زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىتىدىغان يېڭى دورا — «فۇكاڭ تابلېتكىسى» دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى يېڭى دورا. بۇ دورا باشقا دورىلارغا ئوخشاش ئورنىنى باستۇرۇش، چېكىش مىقدارىنى ئازايتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈشتەك ئەنئەنىۋى چېكىملىك تاشلىتىش ئۇسۇلىدىن مۇستەسنا بولۇپ زەھەرلىك چېكىملىك تاشلىتىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

زەھەرلىك چېكىملىك چەككىنىگە 3 يىل بولغان، ئەمما تاشلىيالمىغانلار پەقەت بۇ دورىنى ئالتە كۈن ئىستېمال قىلسىلا (بىر قۇتىسىنىڭ باھاسى 2983 يۈەن بولۇپ، بىر قۇتىدا 72 تال دورا بار) كېسەل تۈپ يىلتىزىدىن ساقىيىدۇ. ئوكۇل ئۇرۇش، ياتاقتا يېتىش ھاجەتسىز.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2619148 — 0991

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئارقا كوچا 43- نومۇرلۇق قورۇ.

电话： 0991 — 2619148

地址： 乌鲁木齐市东后街 43号



# يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تۆھپىكارى

★ مۇھەممەت پولات ★

يېڭى تەرەققىيات دەۋرى بىلەن باشلانغان يېڭى مەنىۋى ئازادلىق مۇھىتى دەۋرىمىز ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پارلاق غايىۋى كېلەچىكىنى يارىتىشنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئۆزگىچە ھاياتىي ئىزدىنىش يولىغا مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى، ئىشەنچ، جاسارىتى بىلەن دەۋر سىنىقىدىن شەرەپ بىلەن ئۆتۈپ، ھاياتىمىزدا روشەن مەنىۋى ئىز قالدۇردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ۋە باش دىرېكتورى ئابدۇرىشت ئەنەيتۇللا ھاجى ئەنە شۇنداق ئىرادىلىك ياشلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇ 13 يىلدىن بۇيان مۇشەققەتلىك ئىگىلىك يارىتىش يولىدا مېڭىپ، ئىگىلىكنى تىنىمسىز زورايتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، رىقابەت ۋە ئېلىشىش بىلەن تولغان بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا مەزمۇت ئاياغ بېسىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھالدا كۆرسەتتى. شۇ يېرى كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇكى، دەۋر تەرەققىياتىغا شۇنچە چوڭ ئەمەلىي تۆھپە قوشۇپ، خەلقىمىزنىڭ تەبىئىي ھۆرمەت ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن بۇ ساددا يىگىت ئۆز ئەمگىكىدىن ئۆزگىلەرنىڭكىنى ئەلا بىلىپ، تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە تۈزۈككەرەك ئويلىنىپ كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇ ھەقىقەتەن دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ شان ـ شۆھرەتكە ئىنتىلمەي، نام ـ ئاتاققا بېرىلمەي، ھاياتقا ئۇن ـ تىنسىز، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك ئالىيجاناب روھىنى ئىپادىلىدى.

ئابدۇرىشت ئەنەيتۇللا ھاجى تۇرپان شەھىرىنىڭ باغرى مەھەللىسىدىكى جامائەتنىڭ زور ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما ئەنەيتۇللا داموللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا خەنزۇ تىلىدا پۈتتۈرۈپ، شىخەنزە تىببىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا توپتوغرا بەش يىل فاكۇلتېت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قېتىم، مەكتەپ بويىچە كۆپ قېتىم ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالاندى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ۋراچ بولۇپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كەسپىي ئىقتىدارىغا ئىگە ياراملىق سەھىيە خادىمى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇ 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ھەج ئىشلىرى ئىشخانىسىغا تەرجىمان ۋە كەسپىي خادىم بولۇپ يۆتكەلدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى بولدى.

ئابدۇرەشىت ئەنەيتۇللا ھاجى ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ئۆزگىچە ئىزدىنىش ھەممىدە تىرىشچانلىق روھى بىلەن تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ 3 ـ كۇرسىدىن باشلاپلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئىلىم ـ پەندە كامالەتكە يېتىشنىڭ يېڭى ئۈنۈملۈك يولىغا كىرگەنىدى. ئۇ تىنىماي ئوقۇيتتى، زېرىكمەي ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئاساسەن سىنىپ ۋە كۇتۇپخانىدا ئۆتەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىق روھى خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ دۇنيانىڭ ھايات رىتىمى بىلەن تەرەققىيات قەدىمىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئىلىم ـ پەندە مۇناسىپ تۆھپە يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، پۈتۈن بارلىقى بىلەن تىل ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ۋە يېزىقچىلىقىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىپ، ئانا تىل ئاساسىنى پىششىقلىدى. ئۇندىن كېيىن ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت جاپالىق، ئۇزاق يولغا ئاتلاندى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بوشاشماي داۋاملاشتۇردى. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلدە ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىدا بىردەك يېتىلىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆگىنىش تەس بولغان بۇ ئىككى دۇنياۋى تىلنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ ئالدى. 1989 ـ يىلى بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىللىرى كەسپىي ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن لاياقەتلىك دىپلومى ئېلىپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

ئابدۇرەشىت ئەنەيتۇللا ھاجى ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىي بۇرچىنى توغرا تونۇپ، ئۆز زامانداشلىرىنىڭ چەت ئەل تىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ پەندە مۇناسىپ ئەقلىي ئىز قالدۇرۇشىغا قىزغىن ياردەم بەردى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش پونكىتى قۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم ئادەملەرنى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە جەلپ قىلدى. ھەر خىل دەرسلىك ۋە ماتېرىياللارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەييارلاپ ۋە رەتلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش يۈكىنى يەڭگىللەتتى. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە ھەرقايسى ئورۇنلار تەرىپىدىن ئېچىلغان چەت ئەل تىلى كۇرسلىرىدا ئەرەب تىلىدىن دەرس بېرىپ، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە بىۋاستە قاتناشتى.

ئابدۇرەشىت ئەنەيتۇللا ھاجى، ئاپتونوم

رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىگە ئالمىشىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جەت ئەل تىلى تەرجىمانلىقى خىزمىتىدىن باشقا كەسپىي يېزىقچىلىق ئىشىنىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئورنىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى يورۇتۇلغان، ساياھەتچىلىك بىلىملىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب دۇنياسى تونۇشتۇرۇلغان 15 پارچىغا يېقىن ماقالە يېزىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «جۇڭگو خەلق ئاۋئاتسىيىسى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرى مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئاممىباباب، شەكلىنىڭ ساددا ۋە جانلىقلىقى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ئابدۇرېشىت ئەنەيتۇللا ھاجى 1990 - يىلى ناھايىتى زور ئىجادىي غەيرەتكە كېلىپ، ئېلىمىز بويىچە تېخى ھېچكىم قولغا ئالمىغان تۇنجى «ھەج قىلىش ساۋاتلىرى» نى يېزىپ چىقىشتەك خاسىيەتلىك ئىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، جۇڭگو، ماراكەش، لىۋان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەرەب، خەنزۇ، ئىنگلىز ۋە تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان 50 پارچىغا يېقىن ھەر ② خىل كىتاب، ژۇرنال قوللانمىلارنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇلارنى مەزمۇنەن سېلىشتۇرۇپ، ئىشەنچلىك ئىلمىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەپ تاكى مۇتلەق ئېنىقلىق ۋە توغرىلىققا ئېرىشمىگۈچە توختىمىدى. ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىزدىنىش، قايتا - قايتا يېزىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەج ئىشلار خىزمىتىدىكى بىر بوشلۇق تولدۇرۇلغان مۇھىم



بىر ئوقۇشلۇق — «ھەج قىلىش ساۋاتلىرى» ئاخىرى دۇنياغا كەلدى. ھەج رەسمىيەتلىرى، قائىدە تەلەپلىرى، تۇرمۇش تەرتىپى، مۇناسىۋەت قائىدىلىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى رېئال ئەھۋالى، مەككە، مەدىنىدىكى مۇقەددەس جايلار ئاممىباب تىل بىلەن يىغىنچاق بايان قىلىنغان بۇ كىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەنلا كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ھازىرغىچە بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 25 مىڭ تىراژدا ئىككى قېتىم بېسىپ تارقىتىلدى.

ئابدۇرېشىت ئەنەيتۇللا ھاجى يۇقىرىقى نەتىجىسى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر كىتابقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ماتېرىيال كەملىكى ۋە ۋاقىت قىسلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي «ھەج قىلىش ساۋاتلىرى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى يېزىپ تەييارلاش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئايلاپ يېزىق ئۈستىلىدىن ئايرىلمىدى. قانچە كېچىلەر تاڭغا ئۇلىشىپ كەتتى. ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئازابى ئۇنى

يەتكىچە قىينىدى. لېكىن پۈتۈن بارلىقىنى ئىلىمگە بېغىشلىغان بۇ ئىرادىلىك يىگىت بۇ قىينچىلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىغا باش ئەگمىدى. ئاخىرى ئۇ توپتوغرا بىر يىللىق جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا بۇ كىتاب گوۋۋيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەپ قاراپ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن مەملىكەتلىك دىن، مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 5000 تىراژدا بېسىپ تارقىتىلدى. بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مۇتەخەسسىسلىرى بۇ كىتابنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ مەزمۇن خاسلىقى بىلەن بايان ئالاھىدىلىكى تولۇق ئەكس ئەتكەن دەپ ھېسابلاپ، ئاپتورنىڭ خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئېيتىشتى.

ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا ھاجى 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ مۇنتىزىم تەشكىللىي يولغا چۈشۈرۈپ بۇ ساھەنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. ئۇ ئىدارە خىزمىتىدە ئالدى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئالاھىدە زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ، جاپالىق خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلىدى. ئۇ ھەر يىللىق ھەج ۋە ساياھەت مەزگىلىدە ئىدارە نامىدىن يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ھەرخىل دوكلات ۋە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئىككى خىل تىلدا يېزىپ تەييارلاش ئىشىنى تا ھازىرغىچە ئۆزى يالغۇز ئورۇنلاپ، ئىدارىگە بولغان يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە رەھبەرلىك ئىستىلىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئىدارە خادىملىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيىلىنىشىنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ، ئىجادىي خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن ئەمەلىي ئۈنۈمنى ھەر قاچان بىرىنچى ئورۇندا قويىدى. ئۇلارنى پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ياخشى ئۆگىنىشكە، ئىلمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەج ۋە ساياھەتچىلىك كەسپىگە ئائىت سىياسەت- بەلگىلىمىلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىنى ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۈلگىلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت ئورنىغا ئايلاندۇردى. ھازىر بۇ ئىدارە ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا ھاجىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ ھەر خىل يېڭى چارە- تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كەسپىي خىزمەتلەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشى بىلەن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك ۋە 1 مىليون يۈەنلىك ئوبوروت مەبلىغىگە ئىگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇنتىزىم تايانچ كارخانا بولۇپ قالدى.

ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا ھاجى ھەقىقەتەن قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر بولغان، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر ئىككىلا سېپىدە ئوخشاش مۆجىزە يارىتىپ 21 ـ ئەسىرنىڭ زەپەر دەرۋازىسىنى تەنتەنە بىلەن قاقالايدىغان ئەقلىي ھېكمەت ئىگىسى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئۆز خەلقىگە بەرگەنلىرى ئۇنىڭ مۇشۇ غايىۋى پەللىگە يېتىش يولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان بىر قەدىمى. ئىشىنىمىزكى، ئۇ بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئىستىقباللىق يولدا ئاخىرغىچە مېڭىپ، تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان ئۆزگىچە ھايات يولىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، دەۋرىمىزنىڭ يېڭى شان - شەرەپ مۇنبىرىدە سەلتەنەت بىلەن قەد كۆتۈرىدۇ. (04)

(پولات خوجايوف فوتوسى)

# يېڭىئاۋات يېزىسىدا ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق، نەمۇنىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى

مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ «تۇمەنلىگەن كەنتلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش» توغرىسىدىكى چاقىرىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خوتەن ناھىيىسى يېڭىئاۋات يېزىلىق پارتكومى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەم چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش ياساپ، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى پىلانلىق تەربىيىلىدى. ھازىرغىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىن تۆتىنى تەرتىپكە سالدى. ئىككى كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرىنى تولۇقلىدى. ئۈچ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىنى تەڭشىدى. يېڭىدىن بىر ئىتتىپاق ياچېيكىسىنى قۇردى. 28 نەپەر مۇنەۋۋەر ياشنى ئىتتىپاق تەشكىلىگە قوبۇل قىلدى. ھازىرغىچە 18 قارار كۇرس ئېچىپ 1280 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى 11 مەيدانغا، قاتناشقان ياشلار 1420 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى.

يېزىلىق پارتكوم يەنە ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «ۋاقتىدا بولۇش»، «ئەمەلىي بولۇش»، «ئۈنۈملۈك بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى پىلانلىق، تەشكىللىك قانات يايدۇردى. تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋە كالا - قوي بورداش بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىدى. پەن - تېخنىكىغا ئائىت سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرسىتىش، ياشلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تېرىقچىلىق ماھىرلىرى بىلەن بېيىش ماھىرلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 14 كەنتنىڭ ھەممىسىدە ياشلار پەن - تېخنىكا مۇلازىملىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ ئۇلار ئامما ئۈچۈن 7600 قېتىمدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا مۇلازىملىقى قىلدى. ھەرقايسى كەنت، مەھەللىلەردە «ياشلار ماھارەت كۆرسىتىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ۋە كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى «ئۆز ئورنىدا تۆھپە يارىتىش»، «ئۈچ پىشقەدەم»لەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ئاجىز، مېيىپ، قېرى - چۆرىلەر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ھال سوراش ۋە ئۇلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرغاندىن باشقا يەنە يېزا بويىچە «ئۈچنى سۆيۈش»، «ئۆزئارا ياردەم بېرىش»، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھازىر يېزا بويىچە ياشلارنى ئاساس قىلغان 244 پەن - تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى بارلىققا كەلدى. 151 ياش ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى باشلامچىلاردىن بولۇپ ئاممىغا باشلامچى بولدى. (04)

## ئىسمائىل كاككۇك

خەلق غەزەلخانى ئىسمائىل كاككۇك 1890 - يىلى ئىلىدا خالىق ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدە ئاتىسىدىن يېتىم قىلىپ، 12 يېشىدا خاڭدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ھېكايە - چۆچەك، لەتىپىلەرنى سۆزلەشكە، خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتىشقا ماھىرلىقى بىلەن كىشلەر ئارىسىدا «ئىسمائىل كاككۇك» دەپ نام ئالغان. ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ناھىيە ئەتراپىدىكى يېزىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئۇ بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قوشاقلىرى ئارقىلىق ئادالەتسىز زامانىنى، باي، پومېشچىكلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى پاش قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسمائىل كاككۇك ئازاد زامانىنى، يېڭى ھاياتنى قىزغىن كۈيلىگەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى 1950 -، 1960 - يىللاردا نەشر قىلىنغان توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن، ئىسمائىل كاككۇك 1966 - يىلى ۋاپات بولغان (07)

(گەنۇەر قادىر تەييارلىغان)

## كۆچمە تېلېفون...

يېقىندىن بۇيان ياپونىيە دوختۇرخانىلىرى كۆچمە تېلېفون (داگېدا) ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان داۋالاش كاشىلىلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى بايقىغان. بىر دوختۇرخانىدا كېسەل يوقلىغۇچى كۆچمە تېلېفون بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، كېسەلگە سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئېلېكترونلۇق پومپا توختاپ قېلىپ، دورا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن ئېغىر ۋەقە كېلىپ چىققان. كۆچمە تېلېفوندىن چىقىدىغان ئېلېكتر دولقۇنى يەنە سۈنئىي نەپەسلەندۈرگۈچ ۋە يۈرەك توك ئېقىمىنى ئۆلچىگۈچ قاتارلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، ياپونىيە دوختۇرخانىلىرىدا كېسەلخانا، ئوپېراتسىيىخانا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كۆپ سورۇنلاردا كۆچمە تېلېفون ئىشلەتمەسلىك، دوختۇرخانىغا كىرگەن ھامان كۆچمە تېلېفون توك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش بەلگىلەنگەن. (07)

(ئايگۈل . ت)

## چىڭگىزخان قەبرىسى...

دۆلەت يېقىندا 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، چىڭگىزخان قەبرىسىنى قايتا رېمونت قىلىدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ چىڭگىزخان قەبرىسىنى 3- قېتىم كەڭ كۆلەملىك رېمونت قىلىشى بولۇپ، قۇرۇلۇش قەبرىستانلىقنىڭ 99 پەلەمپىيى ئالدىغا ئورنىتىلىدىغان ئېگىزلىكى 6.99 مېتىر كېلىدىغان چىڭگىزخاننىڭ ئات مىنگەن ھالەتتىكى ھەيكىلىنى، ئاساسلىق ئوردىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا سېلىنىدىغان نەزىر - چىراق مېھرابىنى، ئاساسلىق ئوردىنىڭ شەرقىي شىمالىغا سېلىنىدىغان نەزىرلىك نەرسىلەر تەييارلىنىدىغان ۋە نەزىر - چىراغ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ساقلىنىدىغان زالنى، قەبرىستانلىقنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى 8 گېكتار كۆلەمدىكى قارىغايزارلىقنى، 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى چىملىقنى ھەمدە بىر قىسىم ئەسلىدىكى ئاسار - ئەتىقىگە ئوخشىتىپ ياسالغان نەرسىلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. (07)

(ھۆرلىقا خوجا. ت)

## قەدىمكى ئىسكەندەرىيە...

مىسىر ۋە فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى يېقىندا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ 20 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقىدىن چۆكۈپ كەتكىنىگە 2000 يىلغا يېقىن بولغان ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ مىسىرنىڭ فىرئەۋن دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئايال پادىشاھ كلوپاترا VII نىڭ سارايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم خارابىسىنى تاپتى.

ئىسكەندەرىيە شەھرىنى ئالېكساندىر ماكېدونسكى مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۆز ئىسمىنى نام قىلىپ قۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 331- يىلى ماكېدونىيە قوماندانى تولېمى مىسىردا يونان ئۇسلۇبىدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت تولېمى خاندانلىقىنى قۇرغاندا، ئىسكەندەرىيىنى پايتەخت قىلغان. 400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسكەندەرىيە رايونىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، ئوردا- سارايلار ئۆرۈلگەن، يەر يۈزى ئۇلتۇرۇشۇپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ كۆپ قىسىم رايونى ئوتتۇرا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن. بۇ قېتىم بايقالغان ئىسكەندەرىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى پەقەت ئەسلىدىكى شەھەر ئىزىنىڭ بىر بۆلىكىلا ئىكەن. (07)

(ھۆرلىقا . ت)



## لېنىننىڭ قەۋرىسى راستىنلا يۆتكىۋېتىلەمدۇ

موسكۋادىكى قىزىل مەيدان تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغاپ كىلىۋاتقان بىر جاي. ھەر يىلى ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە قىزىل مەيدان قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ، ھەممە ئادەم كۆز تىكىدىغان پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قىزىل مەيداندا پاراتتىن ئۆتۈشكە قاتناشقان جەڭچىلەر، ئۇدۇللا ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلانغان. قىزىل مەيدان تارىختىن بۇيان چار پادىشاھنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان، دىنىي نامايىش ئۆتكۈزۈدىغان مەيدانى شۇنداقلا روسىيە تارىخى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەركىزى ۋە خەلقئارالىق ساياھەت ئورنى بولغان. قىزىل مەيداندا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە بەكرەك چېلىقىدىغىنى لېنىننىڭ قەبرىسى. لېنىننىڭ ئىدىيىسى ۋە قىلغان ئىشلىرى روسىيە خەلقىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ نەچچە ئەۋلادلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. موسكۋادىكى قىزىل مەيداننىڭ پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇشىنى لېنىننىڭ قەبرىسىنىڭ قىزىل مەيداندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لېنىننىڭ قەبرىسىنى قىزىل مەيداندىن يۆتكىۋېتىش توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. 1997- يىلى روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن لېنىننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى قىزىل مەيداندىن پېتىربورگدىكى ئانىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا يۆتكىۋېتىشنى ۋە بىر قىسىم باشقا قەبرىلەرنى تازىلىۋېتىشنى، بۇ خىزمەتنى قەدەممۇ قەدەم مەدەنىيەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن 5 - ئاينىڭ 8- كۈنى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كېچە - كۈندۈز لېنىننىڭ قەبرىسى ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان «1 - نومۇرلۇق پوست» كرېمىل سارىيى تېمىنىڭ ئاستىدىكى «نامسىز قەھرىمانلار» قەبرىسى ئالدىغا قويۇلغان.

روسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ لېنىننىڭ جەستىنى يۆتكەشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، لېنىننىڭ قەبرىسى ئالدىدىكى «1 - نومۇرلۇق پوست»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

لېنىن قەبرىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بەزىلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغان. ئۇلار تېررورچى ئۇنسۇرلارغا ئوخشاش لېنىننىڭ قەبرىسىنى ئوغرىلىقچە پارتىلىتىۋېتىشكە ئۇرۇنغان. جامائەتچىلىك بۇ خىل تەھدىتلەرگە «لېنىننىڭ قەبرىسى ساقلاش قىممىتىگە ئىگە، قەبرىدە ئادەم بەدىنىنى چىرىتمەي ساقلايدىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەر بار. چۈنكى دۇنيادا ئىككىنچى لېنىننىڭ قەبرىسى بولمايدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن.

ھازىرمۇ ياشلار، چوڭلار ۋە چەت ئەللىكلەر، يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەرمۇ ھۆرمەت بىلەن لېنىننىڭ قەبرىسىگە گۈل قويۇپ، رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىدىكەن. (05)

(«يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» 7- ئاينىڭ 6- كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

# تويدىن كېيىنكى سەككىز ئىش



نىكاھ مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىر جۈپ قىز - يىگىت توي قىلىپ قانۇنلۇق ئەر - خوتۇنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاڭلىق ھالدا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يېڭى باسقۇچلىرىغا ماسلىشىشى لازىم. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، كۆپلىگەن ياشلار توي قىلىشتىن بۇرۇن مۇۋاپىق بولغان تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلىمەيدۇ، «ئۆزىنى رەتكە سېلىش» تەك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زادىلا ئويلاشمايدۇ، نەتىجىدە يەككە تۇرمۇش ھالىتى ئورتاق تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆزگۈشسىزلىقتا ئۇچراپ، نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تويدىن كېيىنكى **بىرىنچى ئىش -** ئائىلە ئۇقۇمىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. ھېسسىيات ۋە كۈچ جەھەتتە تەشكىل قىلغان ئائىلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىڭىز، ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش ئورۇن، ئوخشاش ھېسسىيات دۇنياسىدا ھەم قىز بالا ھەم ئايال، ياكى ھەم ئوغۇل بالا ھەم ئەر بولماسلىقىڭىز كېرەك. توي قىلىشنى قارار قىلغانلىقىڭىز يېڭى ئائىلىنى ئاساس قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ئىككىنچى ئىش -** نىكاھتا ئۈچ تەرەپنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز، شۇنداقلا پەقەت ئىككى تەرەپنىڭلا بارلىقىنى مۇتلەقلەشتۈرمەسلىكىڭىز لازىم. بىرىنچى تەرەپ ئەر تەرەپ، ئىككىنچى تەرەپ - ئايال تەرەپ، ئۈچىنچى تەرەپ نىكاھ، يەنى «بىز». كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى «بىز» نۇقتىسىدىن ئويلىشىش لازىم.

**ئۈچىنچى ئىش -** نىكاھنى قوغداپ زىددىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش. سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن قائىدە تۈزۈۋېلىشىڭىز لازىم، مەسىلەن، ئارام ئالغاندا كۈندۈزدىكى ئاچچىقنى كارىۋاتقا سۆرەپ چىقماسلىق؛ مەسىلىنى ئەگەر 48 سائەت ئىچىدە ھەل قىلالمىغاندا، ئۇنى تارىخقا ئايلاندۇرۇۋېتىش؛ ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا ھەرگىز مۇشت كۆتۈرۈپ ئۇرۇشماسلىق قاتارلىقلار.

**تۆتىنچى ئىش-** كىرزىسنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش. مەسىلەن، كېسەللىك، ئىقتىساد ئامىلى قاتارلىقلار ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا، نىكاھ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

**بەشىنچى ئىش -** سادىقلىق، جىنسىي سادىقلىق. سىز باشقا بىر ئايال ياكى بىر ئەر ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماڭ، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى خوشاللىقنى ھەرگىزمۇ ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

**ئالتىنچى ئىش -** ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزئارا ئىلھام بېرىش.

**يەتتىنچى ئىش -** قىزىقچىلىق، يەنى نىكاھ تۇرمۇشنى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزۈش.

**ئاخىرقى ئىش -** گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ساقلاش. ئىككىيلەننىڭ شېرىن ئاينىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خۇشاللىقلىرىنى ئەستىن چىقارماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادەمنىڭ ياشقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىپ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. (04)

(قۇربان نۇرى.ت) (ئابلىزغوجامنياز فوتوسى)

كۆك قەھرىگە قاراپ شىددەت بىلەن بوي سوزدى. ئىلاھە ئۇماي بىر تال چېچىنى تاشلىۋىدى، ئىككى تۆپ قارىغاينىڭ قىل ئۈچىغا دار بولۇپ باغلاندى. دار كۆز يەتكۈسىز ئېگىزلىكتە ئىدى. مەلىكىگە قۇياش خۇددى دار ئۈستىدە دومىلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئىلاھە ئۇماي بولۇتتىن چۈشۈپ دار ئۈستىدە لەرزان ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىشقا باشلىدى. مەلىكىنىڭ يۈرىكىگە ئوت چۈشتى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن شەھەردىكى ئۇستىلارنى يىغىپ ئاسمانپەلەك دار باغلاتتى ۋە قەۋمىگە: «كىم دار ئۈستىدە ماڭالىسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىمەن» دەپ جاكارلىدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخاننىڭ پۇشتىدىن بولغان توغرولبەگ مەيدانغا چىقىپ دار ئۈستىدە ماڭدى ۋە مەلىكە كۆكسۈرنى ئەمرىگە ئالدى ...»

يۇقىرىقى رىۋايەتكە مۇراجىئەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ دارۋازلىق سەنئىتى خەلقىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەجدادلىرىمىز تەبىئىي يوسۇندا موما قاداپ دار باغلاپ، كۆككە يېقىنلىشىدىغان بۇ ئويۇننى كەشىپ قىلغان. دارغا چىقىشنىڭ ئۆزى گۈزەل روھنىڭ تەڭرىگە قاراپ يۈكسىلىشىگە تىمسال قىلىنغان. دېمەك، دار ئويۇنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئېتىقادى ۋە ئىنسانىي كامالەت دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«خەنىنامە»دە، شەرقىي خەن دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىغا قەدەر غەربىي دىيار سېھىرگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ دار باغلىغانلىقى ھەققىدە بايانلار بار. ۋاڭ يەندى «غەربىي دىيارغا سەپەر» ناملىق كىتابىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 659 - يىلى غەربىي دىياردا قىزلارنىڭ دار ئۈستىدە قىلچىۋازلىق قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. سەيجىڭ يازغان كىتابلاردا: «غەربىي دىياردىن



# ئۆچمەس يالقۇن

★ باتۇر روزى ★

» ئات يايلىسىدەك لىغىلداپ تۇرغان كۆكۈش تۇمانلار ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئىلاھە ئۇماي باتۇر مەلىكە كۆكسۈرنىڭ چۈشىگە ئايان بولدى. ئىلاھە ئۇماي كۆكسۈرگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋىدى، يەر - جاھان ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. تۇمانلار ئۆرەنلەشتىن، دەريالار شاۋقۇنلاشتىن، قۇشلار سايراشتىن توختاپ، يەر ۋە كۆكتە تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. ئىلاھە ئۇماي تۇمانغا ئىككى بارمىقىنى شىلتىۋىدى، تۇماننىڭ ئىككى چېتىدىكى ئىككى تۆپ قارىغاي يىلاندەك سويلىغان پېتى

كەلگەن راھىبلار بىر زالدا ئويۇن كۆرسەتتى. ئۇلار دىم بېلىقتا، دىم ئەجدىھارغا ئۆزگىرەلەيدىكەن، ئىككى تۇۋرۇككە تارتىلغان ئۇزۇن ئارغامچا ئۈستىدە ئىككى ئۇسسۇلچى قىز ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆز ئارا بىمالال ئۆتۈشەلەيدىكەن» دېيىلگەن. بۇ ھەقتىكى تارىخىي پاكىتلار تالاي تېپىلىدۇ.

ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى: «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق!» دېگەن قىسقا بىر جۈملە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە ساماۋى ۋە زېمىنى ئىككى ئالەمگە باراۋەر ئىگەنلىكىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىگەن «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» دەۋرىدە سەزگۈر، چەبدەس، باتۇر، قىزىققان، قارام ۋە مەردانە مىللىي خاراكتېرىمىز بىزنى يۈكسەك دەرىجىدىكى سەزگۈرلۈك بىلەن ئۈچىغا چىققان قاراملىق بىرلەشكەن دارۋازلىق بىلەن تارتۇقلىدى. دارۋازلىق ماھىيەتتە كۆككە ۋە تۇپراققا چوقۇنۇش ئېتىقادىمىزدىن ھاسىلە سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ چىققان قەھرىمانلىققا چوقۇنۇشنى بەلگە قىلغان مىللىي روھىمىز ياراتقان سەنئەتكارانە كەشپىيات! دارنىڭ ھەر بىر [illegible]كلىرىدە ئىنسانىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئىلاھىي مۆمكىنچىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك تىراگېدىك توقۇنۇش بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق ھېكمەتلەرنى ئۆزىگە جەملىگەن دار ئۈستىدە ياشىيالىغان ئەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مىللەت ئىدۇق. بىز مەنىۋى چاڭقاقلىق پەيدا قىلغان ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئىستەكلىرىدە قاراملىق ۋە قىزىققانلىق بىلەن توختاۋسىز ئىلاھلارنى ئىزدىدۇق. قاراملىق بىزنى دار ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. سەزگۈرلۈك بىزگە دار ئۈستىدە غالىبلارچە قەدەم ئاتا قىلدى. دار ئۈستىدە مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى قىزىققانلىق ۋە قاراملىق ئېتىقادىنىڭ سالمىقىدا قاڭدالغان تاقەت ۋە چىدام بىلەن، شۇنداقلا دىننىي نازاكەت تۇيغۇنى ئالغان سەزگۈرلۈك بىلەن بىرلەشتى. دار ئۈستىدە سەزگۈزلۈكىمىزدىكى تاشقى ئالەمگە بولغان قاراتمىلىق ئىچكى ئالەمگە بولغان قاراتمىلىققا يۈزلەندى. دار ئۈستىدە ئۆزىنى سۆيۈش باسقۇچىدىكى باتۇرلۇق ۋە مەردانىلىق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى پىداكارلىققا قاراپ راۋاجلاندى. ئىنسان پىداكارلىقتا ئۆزىنى ئۇنتۇپ پۈتكۈل ئالەم بىلەن بىرگەۋدىگە ئايلىنالىغاندا ئاندىن دارغا چىقالايدۇ، شۇنداقلا ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى سەزگۈرلۈك ھامىيلىقىغا ئېرىشەلىگەندە ئاندىن دار ئۈستىدە ماڭالايدۇ. مانا بۇ بىر - بىرىگە تۈپتىن قارمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل روھىي ھالەتنى سۆيگۈ ھارارىتى بىلەن ئېرىتىپ بىر ئېقىندا ئاقتۇرۇش ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مول مەنىۋى ئېنېرگىيە كېتىدۇ. بۇ خىل مەنىۋى ئېنېرگىيە، ئەلۋەتتە يۈكسەك مەدەنىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دارۋازلىق سەنئىتى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە ئەۋزەللىكىنى ۋە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىدۇ!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، جانلىقلار ئىچىدە ئىنساننىڭ ئۆمرى بىر قەدەر ئۇزۇن، بىراق، ئۇنىڭ ئىنساندەك ياشايدىغان دەقىقىلىرى تولىمۇ قىسقا، ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي قۇدرەتلىرى ئالىمىدە ئىنساندەك ياشاش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئوخشاشلا مۇقەددەس. بىراق تراگېدىيە تولغاقلىرى بىلەن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كېلىپ ئۆزىمىزدىن ھالقىغان، ئىنسانغا خاس ياشىيالىغان دەقىقىلەر بىزگە كەمدىن كەم نېسىپ بولىدۇ.

پۈتكۈل ياۋروپانى بىر قىلىچ ئاستىغا ئالغان ناپولېئون گىيوتىنغا باش قويۇپ، ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلىقنى مۇستەبىت ئۆز - ئۆزىنى يەڭگۈچى ھەقىقىي قەھرىمانغا ئايلانغاندا؛ نىتزى بارلىق قىممەتلەرنى يېڭىۋاشتىن بېكىتكۈچى پەلسەپە شەمشىرى بىلەن كرېستنىڭ سىمۋوللۇق مەنە چوڭقۇرلۇقىدا چاقنىغان تراگېدىك مەركەزدىن داجىپ، غايىلەرنىڭ مۇئەللەق ئۆڭكۈرىگە بېكىنىۋالغان ھالدا ئىنسانىي تەبىئەتتىن چەتنىگەن خىرىستىئان خۇداسىنى بوغۇزلىغاندا؛ سېيىت نوچى ئۆزىدەك ئىنسانىي مەردلىكنىڭ سىمۋولى تىرىك ياشاۋاتقان دۇنيادا ئەقىل- پاراسەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان ئادىمى سۇرەتلىكلەر باش رول ئېلىۋاتقان رەزىللىكلەردىن ۋۇجۇدى نومۇس كۈچى بىلەن لەرزىگە كېلىپ ئۆلۈمنى كەسكىن تاللىۋالغان

هالدا ئۆزىگە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ، ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ زەئىپلىشىشى تۈپەيلى ئەقلىي كۈچىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ مايمۇن ئويناپ ئۆتكەن ھاقارەتلىك تارىخىغا جەڭ ئېلان قىلغاندا؛ ئادىل ھوشۇر سەنئىيادىكى خەتەرلىك ئارقان ئۈستىدە ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بىرى ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلدىغان ئادەم چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى يەر يۈزىدە تەڭداشسىز ھېسابلاپ يۈرگەن «بوشلۇق شاھزادىسى» كوكرايىن ياراتقان دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ھەسسىلەپ بۇزۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ئىمكانىيەتلەردىن بىشارەت بەرگەندە ھەقىقەتەن ئىنسانغا ئوخشىدى! ئادىل ھوشۇر ئالتە يىل ئىلگىرى شاڭخەيدە 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى داردىن يىقىلىپ چۈشۈۋاتقاندا، قىل ئۈستىدە قالغان ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي «دار پاغىچى سۇنغان بولسا تاماشىبىنلارنى بېسۋالغاندىمۇ؟» دەپ ئويلاپ، جامائەتنىڭ قايغۇسى بىلەن قالغان چىغدىمۇ بىر قېتىم ئىنسانغا ئوخشىغاندى. بىراق، ئۇ چاغدا ئادىلنىڭ ۋۇجۇدىدا چېقىلغان چاقماق تەن بۇلۇتلىرى ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان. ئەزبىرايى خۇدا، ئادىل ھوشۇرنىڭ چاقمىقى بۇدورىم ئاجايىپ شىددەت بىلەن چېقىپتىكى، ئون مىليونلىغان قەلبلەردە زىلزىلىلىك سۆيۈنۈش پەيدا قىلىپ توختىدى! بوۋىمىز مەخمۇت قەشقىرى: «چاقماق چاقسا ئوت تۇتىشار» دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىكەن. بۇ چاقماق دەل ۋاقتىدا چېقىلدى. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر قېتىملىق توپان بالاسىغا دۇچ كەلگەندە چېقىلىپ، بىزگە توپاندىن ئۈزۈپ چىقالايدىغان كېمىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋەيرانە ساتمىلىرىدا ئۆمىلەۋاتقان ۋۇجۇدىمىزدا تۇنجۇقۇپ ياتقان روھىمىزنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى پىداكارلىق يالقۇنلىرى بىلەن يىلىنجاتتى! بەزى ئاتا - ئانىلار قىزلىرىنى كوچىدىن، ئوغۇللىرىنى قاۋاقخانىدىن تېپىۋالسىمۇ، جەمەت سۈپىتىدە ئىنسانىي ئىنسان قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئېتىقادىنىڭ يوقالغانلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمايۋاتقان چاغدا چېقىلغان بۇ چاقماق ئېتىقادنىڭ ئالەمشۇمۇل قۇدرىتىنى تەنتەنە قىلدى! ئۇ ئەقلىي ۋە ھېسسىي بالاغەتكە توپۇنغان مەنىۋى كامالەتنى ئۆلچەم قىلغان ئىنسانىي قىممەت قارىشى ئورنىغا دەسسەۋاتقان پۇل ۋە ماددىي مەنپەئەتدارلىقنىلا ئۆلچەم قىلغان قىممەت قارىشىغا شىددەتلىك ئوت ئاچتى! ئۇ بىزگە پۇل ۋە ماددىي مەنپەئەتلەرگە ھەقىقىي ئىنسانغا خاس يۈكسەك مەنىۋى قىممەت ئاتا قىلىشنى ئۆگەتتى. بۇ چاقماق ئىجتىمائىي روھىي ھالەت سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقۋاتقان ئۆزىمىزنى كەمسىتىش كېسەللىكىگە ئەجەللىك سوققا بەردى. مۇبادا ئاتا - بوۋىلىرىمىز تىرىلىپ ئارىمىزغا قايتىپ كەلسىمۇ تونۇيالماي باشقىلارغا بېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئېسىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان كۈنلەردە ئۇ بىزنى ئۆز- ئۆزىمىزگە تونۇتتى، شۇنداقلا، دۇنياغىمۇ تونۇتتى. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ بىزگە ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ ئاچقۇچى ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرىغا كۆمۈلگەنلىكىدىن بىشارەت بەردى. «توققۇز كېلىننىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دېگەندەك تارىختىن قېپقالغان ۋە دۇنياۋى رىقابەت كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىي ئېھتىياجلار بىزنى تەرەپ - تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇ بىزگە يۈكسەك سەزگۈرلۈك ۋە ئۇچىغا چىققان قاراملىق بىرلەشكەن رىقابەت ئېڭىنىڭ يېگانە ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئۇ ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك ۋە جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلساقلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ دەپ قارالغان ھەر قانداق قىيىن ئىشلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئادىل ھوشۇر رېكورت بۇزمىدى، بەلكى مۆجىزە ياراتتى. ماھارەت كۆرسەتمىدى، بەلكى بىر خىل روھنى ئىپادىلىدى. بۇ خىل روھ ئىنساننى قىيامەت قايىم بولمىغىچە جان تىكىپ ئېلىشىشقا ئۈندەيدۇ. ئادىل روھىدىن جۇڭگولۇقلارلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ!. ئىشىنىمىزكى، ئادىل روھى قاچان ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالسا، شۇ چاغدا دۇنيا خۇددى بىزگىلا تۆرەلگەن قىياپەتتە، يېڭى كېلىندەك تەبەسسۇم قىلماي قالمايدۇ. (06)



تەھرىرى:06
(ئەسقەر داۋۇت)

## قاسىم قىزىق

قاسىم قىزىق 1890- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى راھەتباغ يېزىسىنىڭ قارىنال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى قاسىم گىلىل بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «قاسىم سوق» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. قاسىم ياشلىق مەزگىللىرىدىلا غەزەلخانلىق، مەدداھلىققا قىزىققان. قۇمۇل مۇقامىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئېتىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. چاقچاق، لەتىپە ئېيتىش، قىزىقچىلىق بىلەن داڭق چىقىرىپ، ئالاھىدە تونۇلغان قاسىم قىزىق 1918- يىلدىن باشلاپ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. كېيىن سودىگەرلەر بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان. 1930- يىلدىن كېيىن ئۆز كەنتىگە قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. توي - تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىنى قىزىتىپ غەزەلخان- ھاپىزلىق قىلغان. ئۇنىڭ لەتىپە چاقچاقلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا- قىشلاقلىرىغا كەڭ تارقالغان. 1953- يىلى ئۇ ئۆز كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. (07)

(ۋەلى تەييارلىغان)

## باللار كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە...

ئۆت ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كومپيۇتېر ئۆگىنىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى كومپيۇتېر كەسپىي خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىرادە باغلىغانلارمۇ ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ غەلىبە قازىنالمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، زېھنىي ئىقتىدارى نورمال بولغان چوڭلار پەقەت بىر، ئىككى ئاي ۋاقىت سەرىپ قىلىپلا كومپيۇتېرنىڭ مەشغۇلات ماھارىتىنى ئىگىلىۋالالايدۇ. شۇڭا، باللارغا كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كومپيۇتېر دەرىجىسى ئۆسۈپ تۇرىدىغان، دەۋر ئالمىشىشى ناھايىتى تېز بولىدىغان مەھسۇلاتقا تەۋە بولۇپ، باللارنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىشى كەلگۈسىدىكى ئىلمىغا ۋە ئىستىقبالىغا ئارتۇقچە ياردىمى بولمايدۇ. شۇڭا، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر، باللارغا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5-، 6- يىللىقىدىن باشلاپ كومپيۇتېر ئۆگەتسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.(07)

(ۋەلى . ت)

## «شىنخۇا ئايلىق ژۇرنىلى»...

جۇڭگو ئاخبارات، نەشرىيات تارىخىدا مۇنداق بىر غەلىتە ئىش يۈز بەرگەن: 1976- يىللىق 1- سان «شىنخۇا ئايلىق ژۇرنىلى» 1977- يىلى 6- ئايدا مۇشتەرىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، نېمە ئۈچۈن بۇ سان ژۇرنال كېچىكىپ چىققان؟ ئەسلىدە 1976- يىللىق 1- سان «شىنخۇا ئايلىق ژۇرنىلى»غا ماۋزېدۇڭنىڭ 1965- يىلى يازغان «ئىككى شېئىر»ى ۋە جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈلگەن مۇھىم ماقالىلەر بېسىلغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جۇ زۇڭلىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، بۇ سان ژۇرنالنى تارقىتىشنى مەجبۇرىي ھالدا توسۇپ بىر بۇيرۇق بىلەنلا پۈتۈنلەي پېچەتلىۋەتكەن. 1976- يىلى 10- ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ سان ژۇرنال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن يەنە نەشر قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، نەشر قىلغۇچى ئورۇن بۇ سان ژۇرنالنى مۇشتەرىلارنىڭ قولىغا تولۇقلاپ يەتكۈزۈپ بەرگەن. (07)

(ۋەلى . ت) .

## قول ۋە چوڭ مېڭە

ئامېرىكىلىق بىر ئىختىساسشۇناس نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىنى تەتقىق قىلغاندا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى باشقا ساھەدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭكىدىن خېلىلا كىچىكلىكىنى بايقىغان. بۇنىڭ سەۋەبى، فىزىكا، خىمىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى پەندە قول ھەرىكىتى ۋە تەپەككۇر مەشغۇلاتى كۆپ بولغاچقا، بۇلار ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇن ئالىملار: ئاياللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولۇشى ئاياللارنىڭ قول ئەمگىكى بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ كۆرسەتمەكتە. ئەنگلىيىلىك بىر ئالىم: ئادەمنىڭ قولى ئوخشاش بولمىغاچقا تەپەككۇر ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. (07)

(ئايگۈل. ت)

## سەممىيلىك ـ ئەڭ ئېسىل ئەخلاق

دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ــــ سەممىي ئادەمدۇر، چۈنكى سەممىي ئادەملا پاكىت ۋە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ـ جۇئېنلەي

سەممىيلىك ـ بىر خىل قەلب گۈزەللىكى، بىر خىل راستچىللىق ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيە.

بىز ياشلار، ئۆسمۈرلەر كىچىكىمىزدىنلا سەممىيلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مەيلى ئۆگىنىشتە، خىزمەتتە بولسۇن ياكى ساۋاقداشلىرىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغا بولسۇن ھەممىسىگە سەممىي بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كىچىك ھېكايە بار:

بىر قېتىم لېنىن ئاچىسىنىڭ سىزغۇچىنى سۇندۇرۇۋېتىپ ئاچىسىنىڭ ئالدىدا خاتالىقنى بويىنىغا ئالدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاچىسى ئۇنى كەچۈردۇ. يەنە بىر قېتىم لېنىن ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا باردۇ. ھاممىسىنىڭ باللىرى لېنىننى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ-دە، ئۇلار ئۆيدە مۆكۈشمەك ئوينايدۇ. لېنىن ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر بوتۇلكىنى چىقىۋېتىدۇ. باللار ئويۇن بىلەن بولۇپ كەتكەچكە بۇنىڭغا سەپسالمايدۇ. لېنىننىڭ ھاماچىسى جاراڭ- جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆيگە كىرىپ «قايسىڭلار چاقتىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. باللار «مەن ئەمەس!» دېيىشىدۇ. لېنىننىڭ يېشى ئەڭ كىچىك بولغاچقا ئىقرار قىلاي دەيدۇ ـ يۇ، ئەمما خىجىل بولۇپ، باشقا باللارغا ئوخشاش «مەن چاقمىدىم!» دەيدۇ. لېنىن شۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بولىدۇ. ئۇ ھاممىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئىشنى پەقەت ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن بىر ئاخشىمى، لېنىن كارىۋىتىدا يېتىپ «پاڭگىدە» يىغلىۋېتىدۇ. ئاپىسى ئۇنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قەيىرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ سورىغاندا، لېنىن ئاپىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاپىسى ئۇنىڭ خاتالىقنى تونۇغانلىقىنى كۆرۈپ ئەيىبلىمەستىن ئۇنىڭغا ھاماڭغا خەت يېزىپ خاتالىقىڭنى تونۇغىن دەيدۇ. كېيىن ھاممىسى لېنىنغا جاۋاب خەت قايتۇرىدۇ ۋە خېتىدە «ئۆز قىلغىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇغان بالا سەممىي بالا» دەپ يازىدۇ.



مانا بۇلار لېنىننىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا خاتالىق ئۆتكۈزسە تۈزىتىش كېرەكلىكىنى، يالغان گەپ

قىلسا كۆڭلىنىڭ غەش بولىدىغانلىقىنى، خىجىل بولىدىغانلىقىنى، سەممىي بالا بولغاندىلا خۇشال-خورام ياشغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېنىن بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىز راست گەپ قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىمىزدۇر» دېگەنىدى.

بىز ئۆزىمىزنىڭ سەممىي پەزىلىتىمىزنى قايسى تەرەپلەردىن يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك؟

1. كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ ئۇنىڭ كېيىنكى كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. «ئۆگىنىپ قالغان كۆڭۈل ئۇجمە پىشقىچە، كىچىكىدە ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە» دېگەن ماقال بار. بىز بىخ ھالىتىدىكى نۇقسان - يېتەرسىزلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگەتمىسەك تەرەققىي قىلىۋېرىپ ئادەمنى نابۇت قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆگىنىشتە باش قاتۇرۇشقا ئېرىنىدۇ، ساۋاقداشلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۆچۈرۈۋالىدۇ ياكى ئىمتىھاندا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدۇ. قارىماققا بۇ بىر كىچىك ئىشتەك قىلسىمۇ، ئەمما ئىدىيىۋى پەزىلەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا سەممىيەتسىزلىكتۇر. بەزىلەر باشقىلار كۆرمىگەندە مەكتەپنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇۋېتىدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تېپىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا خاتالىقىنى تونۇشقا جۈرئەت قىلالامدۇ - يوق؟ بۇلار قارىماققا ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلاردەك قىلسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئىشلاردۇر.

2. ئۆگىنىشكە خۇشتار بولۇشىمىز، ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ سەممىي گۈزەل ئەخلاقىمىزنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. چۈشەنگەننى چۈشەندىم دېيىش، چۈشەنمىگەننى چۈشەنمىدىم دېيىش، ھەرگىز چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالماسلىقىمىز كېرەك. چۈشەنمىگەنلىرىمىزنى ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلاردىن كەمتەرلىك بىلەن سورىشىمىز لازىم. بۇنداق قىلسام يۈزۈم چۈشىدۇ، دەپ خىجىل بولساق، ئۇنداقتا چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان بولىمىز، بۇ بىر سەممىي بولمىغان پوزىتسىيىدۇر. بىلىم ئالىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم سەممىي پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز لازىم.

3. شەخسىي غەرەزنى، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىشنى يېڭىشىمىز لازىم. پۇل - بايلىققا، نام - شۆھرەتكە ۋە ساۋاقداش ياكى دوست-بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تۇتقان پوزىتسىيە بىر ئادەمنىڭ سەممىي ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيلەيدۇ. مەسىلەن، نام-شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلماسلىقىمىز، زىيان تارتىشقا توغرا كەلگەندە پايدىنى كۆزلەپ ئاچكۆزلۈك قىلماسلىقىمىز، مەلۇم مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن ساۋاقداشلار ۋە ياكى دوست - بۇرادەرلىرىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز، ئۆگىنىش ۋە ئىش - خىزمەتتە ھۆررۈنلۈق ياكى سۇسلۇق قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىر ئادەم ناۋادا بەك شەخسىيەتچى بولۇپ كەتسە، ھەممىلا يەردە ئۆزىنى ئويلىسا، ئۇنداقتا ئۇ سەممىيەتسىز ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. «ئېزوپ مەسەللىرى »دە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «يالغانچى ئېرىشكەنلىرىنى راست گەپ بىلەن ئېيتقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ». مانا بۇ سەممىيەتسىز ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. (04)

(ئابدۇسالام ئابلىز. ت)
(ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى)

# يېڭىدىن تۇرمۇش قۇرغان ئىنىمغا

## ئوچۇق خەت

★ مۇھەممەت ياسىن ★

ئەنىم تۇرمۇش قۇردۇڭ. خوتۇنۇڭنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى. ئۆزۈڭنىڭ ماقۇل بولۇشى بىلەن تۇرمۇش قۇردۇڭ. تۇرمۇش قۇرغاندىن بۇيان، ھەر ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا بەك كۆيۈپ ئوبدان ئۆتتۇڭلار.

دادام رەھمەتلىك بۇ ئالەمدىن ۋاقىتسىز ئاققان يۇلتۇزدەك كەتكەن بولسىمۇ. يەنىلا بىچارە ئانام كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەسپكە ئىشتىياق باغلاپ كەتكەنلىكىڭ تۈپەيلىمۇ. سەن تۇرمۇشىڭ ھەققىدە ئويلاشمىدىڭ. چۈشەندىم. دوستۇڭ رۇستەمنىڭ ئېيتىشىچە، سەن گۈلنىگار ئىسىملىك بىر قىزغا كۆيۈپتىكەنسەن. ئەمما سەن ئېغىز ئاچماپتىكەنسەن. ئۆزۈڭنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلماپتىكەنسەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانتىڭ؟ چۈشەندىم. سەن ئائىلىنى، ئانام،ئۇكىلىرىمنى ئويلىغان بولغىيتتىڭ. ياكى مەن ئالدىراپ مۇھەببەت يولىغا كىرمەسلىكىم كېرەك، دەپ ئويلىغان بولغىيتتىڭ. نېمە بولمىسۇن بۇ قېتىم گۈزەل، ئەخلاقلىق، مېھرىبان، چېۋەر بىر ئاق كۆڭۈل قىز بىلەن تۇرمۇش قۇردۇڭ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، سەن سىڭلىم چىمەنگۈل بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كېتىسەن، ئۇنىڭمۇ دادىسى ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئانىسى ئەخلاقلىق، مېھرىبان، كۆڭۈلداش ئوبدان مەزلۇم.

مېنىڭ بىلىشىمچە، خوتۇنۇڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، كەسپكە پىششىق، مەسئۇلىيەتچان، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋىجدانلىق، كىچىك پېئىل، ئىستىقباللىق بىر ئايال ئىكەن.



ئىنىم، مەن سىلەرنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرۇشىڭلارغا رەھمەتلىك دادام ۋە مېھرىبان ئانام ئالدىدا تۇرۇپ تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. شۇنداقلا ساڭا ئاقىلانە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى، ئۆز تۇرمۇشىڭدا پايدىلان.

ئىنىم، خوتۇنۇڭنى ھۆرمەتلە. چۈنكى بۇ دۇنيا ئىككى كۆڭۈلنىڭ ئالەم. بۇنداق قىسقىغىنە ئالەمدە، جېدەللىشىپ، ئۇرۇشۇپ، ئاجرىشىپ

يۈرۈش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك. ئادەم دېگەندە ۋىجدان بولۇشى لازىم. ۋىجدان دېگەن بىر گۈزەل روھ، ئۇ ئادەمنى تىترىتىدۇ. چۈنكى بىر ئەر ئۈچۈن گۈزەل ئايال خۇدانىڭ سوۋغىتى، بۇسوۋغاتنى قانداق قوبۇل قىلىشتا روھ بولۇش لازىم. ئالدى بىلەن ئايال كىشىنى چۈشىنىش لازىم. ئايال كىشى دېگەن ھېسسىياتلىق، ئىدراكلىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ سېزىمى ئۆتكۈر، ئىنكاسى تېز، شەيئىلەرنى ئىپادىلىشى جانلىق، مىجەز - خۇلقى ئۆزگىرىشچان، نازاكەتلىك، ئەمما لېكىن شوخ، ئىچى كۇچلۇك، نازۇك كېلىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىمىزنىڭ ئومۇرتقىسى. مانا مۇنداق ئومۇرتقا بولمىسا، دۇنيامۇ قانداق تەرەققىي قىلالايدۇ، سەنمۇ تەرەققىي قىلالمايسەن؟ ئىنىم، خوتۇنۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدەك كۆر، ئۇلارغا كۆيۈن، ھۆرمەتلە، ئاچچىقلانما، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلما، ئىللىق بول، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازادلىق تامغىسىنى ئۇر، بەختلىك ئائىلە گۈللىرىنى ئۆستۈر، دىلىغا ئارام، كۆڭلىگە بەخت نۇرى سەپ، چۈنكى بۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭ. ئۇلارنىڭمۇ سەكپارىسى، مېھرى. قېنى ئويلان، ئاتا- ئانام سېنى قانداق باقاتتى، ئۇنىمۇ شۇنداق باققان. ئۇلار ئالدىدا ھەرگىز پو ئاتما، ئەپۇچان بول، ئۇلارنىڭ ساڭا مۇناسىپ بولمىغان گەپ - سۆزلىرىگە ئارىلاشقۇچى بولما. ئۇنىڭ ئالدىدا راستچىل، ھەقىقەتچى، ۋىجدانلىق، مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىڭنى تونۇت، بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئىنىم، خوتۇنۇڭنىڭ بەزى ئەيىبلىرى بولسا، ئۇنى ئاتا- ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئالدىدا ئېيتما، بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان يىگىت ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ. ئەيىبسىز ئادەم بولمايدۇ. ھەر ئىككىڭلار ئۇقۇمۇشلۇق، ئوقۇغان ئادەملەر، بەزى ئەيىبلەر بولسا سۆزلىشىپ قىزغىنلىق بىلەن ھەل قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن خوتۇنۇڭ بىلەن تاكاللاشما. پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن پەرزەنتىڭ ئالدىدا خوتۇنۇڭنى تىللىما، ئەيىبلىمە، ئاچچىقىڭنى پەرزەنتىڭدىن ئالما. خوتۇنۇڭ كىيىم - كېچەك يۇيۇۋاتقاندا پەرزەنتىڭنى بېقىپ ئۇنىڭغا ياردەملەش. خوتۇنۇڭ ساڭا بىرەر قۇر كىيىم- كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغاندا، قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىل، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ كۆڭلى. خوتۇنۇڭ ئالدىدا كىنو - تىياتىرخانىلاردىكى، تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى قايسى بىر چولپاننى كۆرگەندە، نېمىدېگەن قامالاشقان- ھە! نېمىدېگەن گۈزەل- ھە! ئايال دېگەن شۇنداق گۈزەل، چىرايلىق بولسا ھە -؟! دەپ ھەسرەتلەنمە ياكى ئۆكۈنمە، چۈنكى ھەقىقىي گۈزەل كىشى سېنىڭ ئالدىڭدىكى پەرزەنتىڭنىڭ قەلب تۆرىدىكى ئانىسى، بۇنى ئېنىق بىل.

ئىنىم، خوتۇنۇڭغا كۆيۈن، مېھرىبان بول ۋە سەممىي مۇئامىلە قىل. ئۇنىڭ بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى چۈشەن. بىلسەڭ، ئۇ سېنىڭ كەسپىي جەھەتتە نەتىجە قازىنىشىڭنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى بولالايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئالىمنىڭ ئارقىدا چوقۇم بىر مۇستەھكەم يۆلەنچۈكى بولىدۇ. خوتۇنۇڭ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقالايدۇ. ئۇنىڭ كەسپىگە ياردەم قىل، ئۆگىنىشىگە، بىلىم ئېلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەر.

ئىنىم، سەھەر تۇرۇشنى ئادەت قىل، چۈنكى بۇ بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى. خوتۇنۇڭغا ياردەملىشىپ پەرزەنتىڭنىڭ كىيىم - كېچىكىنى كىيدۈرۈشكە ياردەملەش. يەسلىگە ئاپىرىپ ئەكېلىشنى، سەي - كۆكتات سېتىۋېلىشنى، ئوتۇن - كۆمۈر، گاز، ئۇن - ياغ سېتىۋېلىشنى چوقۇم ئۈستۈڭگە ئال. بۇ بىر ئوغۇل بالىنىڭ

ئەقەللىي ئۆلچىمى. كەلسە ـ كەلمەس ناشايان ئىشلاردا بولما، بۇ ياخشى ئەمەس. ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭغا قاراپ خوتۇنۇڭغا كېيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەر، ياخشىسى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېسىل كىيىملەر بولسۇن. كەلسە ـ كەلمەس مېھمان چاقىرىپ «مېھماندوست» بولۇپ كەتمە، چۈنكى بۇ ئادەمنى چارچىتىپ قويىدۇ.

ئىنىم، خوتۇنۇڭ مەززىلىك تاماق ئېتىپ ئالدىڭغا ئەكەلسە ئۇۋەن تېپىۋەرمە. ھەقىقەتەن تاماقنى مەززىلىك ئېتەلمىسە ھەمكارلاش، ئۆگەنسە بولىدۇ. بۇنىسى ئېنىقكى ھەر قانداق ئايال ئۆز ئەرلىرى ئالدىغا ھەرگىزمۇ تەمسىز، خام ـ خاتىلا تاماقلارنى ئەكەلمەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى بىر خىل ئورتاقلىق ۋە تارىخىيلىققا ئىگە ئەدەب ـ ئەخلاقىمىز. چۈنكى ئۇ ئەجرە قىلىدۇ، ئىشلەيدۇ، شۇڭا ھۆرمەتلە. ئۆزۈڭنىڭ ۋە خوتۇنۇڭ، بالىلىرىڭنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشىغا دىققەت قىل، غىزالىنىۋاتقاندا ھەرگىز كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلما، بۇ خىل ئادەتنى پەرزەنتىڭگە ۋە خوتۇنۇڭغا ئۆگەت، شۇنداقلا تاماق ۋاقتىدا قوشۇق چىنىگە تېگىپ كېتىدىغان، تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يەيدىغان، تاماق يەۋېتىپ تۈكۈرىدىغان... ئىللەتلەرنى قىلما. تاماق تاللىما، كۆپ يېمە، ئاشۇرۇپ قويما. بۇنىمۇ پەرزەنتىڭگە ئۆگەت. پەرزەنتىڭنى ئۇرۇپ قورقاتما، يۈرەكسىز بولۇپ قالمىسۇن. پەرزەنتىڭنى مۇستەھكەم، روھلۇق تەربىيىلەش سېنىڭ ۋە خوتۇنۇڭنىڭ ۋەزىپىسى. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ۋە دەۋرىمىزنىڭ كەلگۈسى. ئۆيۈڭدە «بالىلارنى تەربىيىلەشكە دائىر بىر يۈرۈش قوللانما» دېگەن كىتاب بولۇشى لازىم. ئىنىم، پەرزەنتىڭنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتلەردىن سىستېمىلىق تەربىيىلىگىن. خوتۇنۇڭ ئالدىدا بالاڭغا تەربىيە قىلىشقا دىققەت قىل. بالاڭ سەندىن ۋە ئانىسىدىن ھېيىقىدىغان، تەپ تارتىدىغان بولسۇن، بالاڭغا ھەرگىز ئۈمىدسىز قارىما، ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە دىققەت قىل. ئۇ ساڭا كۆيۈنىدىغان، ياردەملىشىدىغان سادىق بولۇپ يېتىلىپ چىقسا، نېمىدېگەن ياخشى- ھە!

ئىنىم، خوتۇنۇڭغا ئىشەن، ئورۇنسىز كۈنلىمە، گۇمانلانما، سىرداش، ئىناق بول.

ئىنىم، ئائىلە ئىقتىسادىغا كۆيۈن، بۇزۇپ ـ چاچما، ھاراق ـ شارابقا، چېكىملىككە بېرىلمە. ئىقتىسادنى چىڭ تۇت. ھەر قانداق ئىشتا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىڭلار. ئوشۇق پۇل بولسا بانكىغا قويۇڭلار، تېجەشلىك، رەتلىك تۇرمۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. «بارىدا پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ» بولۇپ قالسا ياخشى ئەمەس. «قانداق قىلغاندا ئائىلە ئىقتىسادنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىلمىدىن پات ـ پات خەۋەردار بولۇپ تۇر. ئىنىم، سەيلە ـ تاماشا، مەشرەپ بولغان چاغلاردا، خوتۇنۇڭمۇ خەۋەردار بولۇپ قالسۇن، ئۇ بارالىسا ئېلىپ بار، بارالمايدىغان بولسا، سەن دېگەن ۋاقىتتا قايتىپ كەل. تانسخانا، كارا OK خانا... لارغا ئاز بار، ياكى بارما، بۇ ئاخىرى بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ئىنىم، قىسقىسى سەنمۇ قوش يۈرەكنىڭ پارىسى، خوتۇنۇڭمۇ ھەم شۇنداق. شۇنداق ئىكەن، ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈڭلار، ئۆز ـ ئارا يول قويۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىڭلار. سەنمۇ ئۆي تۇتتۇڭ، سېنىڭمۇ ئۆيۈڭ بار بولدى. كەسپىڭدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىڭ، تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىشلىرىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى لازىم. بۇنى تاشلاپ قويما، ئۇقتۇڭمۇ؟! ئەگەر ھۇرۇنلۇق قىلساڭ، ئاتا-بوۋىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنىدۇ. بىزگە كېرىكى سېنىڭ كېلەچىكىڭ... خەير ئىنىم شۇنداق قىل، تۇرمۇش قاينامىلىرىدا تاۋلان... (04)

# ئوزۇقلۇقمۇ تېرە رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ

تېرە يۇمشاق، ئاق، سىلىق بولسا ھەممىلا ئادەمگە ساغلام، چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ يۈزىدە داغ ياكى سەپكۈل بولىدۇ، تېرىسى قارا - قىزىل ياكى سېرىق، تاتىراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئوزۇقلۇق تەركىبىنى مۇۋاپىق تەڭشىگەندە، تېرىدىكى داغلارنى چۈشۈرگىلى بولۇپلا قالماي يەنە تېرىنىڭ ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**1. قىزىل تېرە:** بەدەندىكى ھايۋانات مېيى ۋە ئاقسىل ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەندە تېرە رەڭگى قىزىل بولۇپ قالىدۇ، بۇ خىل تېرىدىكى كىشىلەر چوقۇم يېشىل يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەرنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: پالەك، چىگسەي، سۆگزا قاتارلىقلار. ئەڭ ياخشىسى سوقۇپ يۇمشىتىپ يېيىش ياكى سىقىپ سۈيىنى خام پېتى ئىچىپ بېرىش لازىم.

**2. مايلىق قارا تېرە:** ماي ۋە ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن تېرە مايلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل تېرىنى داۋالاشتا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك مېيىنى ئىستېمال قىلىشتىن سىرت يەنە تەركىبىدە يېشىللىق ماددىسى بار كۆكتاتلارنى كۆپرەك يېيىش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى تاماقتىن بۇرۇن بىر ئىستاكان قايناق سۇغا ئېزىلگەن كۆكتات سۈيىدىن شىرنە تەييارلاپ ئىچىپ بېرىش كېرەك.

**3. قىپقىزىل تېرە:** بۇ قان ئايلىنىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، قان بەدەندە راۋان ئايلىنالمىغانلىقتىن بولغان. بولۇپمۇ ھاۋا سوغۇق كۈنلەردە ئادەمنىڭ يۈزى، بۇرنى بەكرەك قىزىرىپ كېتىدۇ. بۇ خىلدىكى تېرىنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىشتا: دائىم يۇيۇنۇش ۋە ئۇۋۇلاش ئارقىلىق بەدەندىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، بولۇپمۇ تېرىدىكى قىزىل بولۇپ قالغان يەرلەرنى كۆپرەك ئۇۋۇلاش كېرەك؛ ئاقسىلنىڭ بەدەنگە تولۇق قوبۇل قىلىنىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا تەركىبىدە ۋىتامىن $B_1$ ۋە ۋىتامىن C بولغان (كۆكتات) يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئاپتاپقا كۆپرەك قاقلىنىپ ۋىتامىن D نىڭ



قوبۇل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**4. قارىغا مايىل سېرىق تېرە:** تۇز تېرىنى قارايتىدىغان مۇھىم ئامىل بولغاچقا، تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تېرىسى قوپاللىشىپ قارىداپ كېتىدۇ. ئەگەر دائىم ئاپتاپقا قاقلىنىۋەرسە تېرە تېخىمۇ قارىيىدۇ. بۇ خىل تېرىنى داۋالاشتا تۇزنى كونترول قىلىش، قايناقسۇنى كۆپ ئىچىپ بېرىش ئارقىلىق بەدەندىكى ئارتۇق تۇزنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىش كېرەك، يۇيۇنغاندا ۋانىدا سۇغا چىلىنىپ تەر چىققانغا قەدەر تۇرۇش كېرەك.

**5. سەپكۈل، سېرىق داغ:** تۇز تېرىنى قارايتىپ قالماي، يەنە تېرىدە سەپكۈل ياكى داغ پەيدا قىلىشى مۇمكىن. جىگەردىكى ماي ۋە ئاقسىل مىقدارى ئېشىپ كەتسىمۇ، جىگەرنىڭ ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن سەپكۈل، داغ تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا يۈزىدە سەپكۈل بارلار سۇ ۋە كۆكتاتلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا قالايمىقان دورا ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۇيقۇ دورىسى تۈرىدىكى دورىلار بەدەننىڭ كىسلاتالىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەچكە، ھورمونلارنىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزۇپ، يۈزدە سەپكۈل ۋە داغ پەيدا قىلىدۇ. (05)

(ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى)

# رەقەملەر دۇنياسىدىن كەلگەن سىگنال

★ تۇرغۇنجان تۇرسۇن ★

بىز ماتېماتىكا دۇنياسىنىڭ خوجايىنلىرى، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرى بولىمىز. بىز - «0» دىن تارتىپ «9» غىچە رەقەم غايەت زور بىرىكىش كۈچىگە ئىگە. بىزنىڭ تۈرلۈك تەرتىپلەر بىلەن تىزىلىشىمىز ئارقىلىق پۈتكۈل مەۋجۇتلۇق ئالەمىنىڭ زامان ۋە ماكان چەكسىزلىكى ئىچىدىكى تۈرلۈك سىر - تىلسىملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلىرىنى روشەن هالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

بىز يەر شارىنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا تۇغۇلغانىدۇق. هەر بىر مىللەت بىزنى ئۆز تىلى بويىچە هەر خىل ئىسىملار بىلەن ئاتاپ كەلدى. زامانىنىڭ قەدىمكى مىللەتلەرنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، بىزمۇ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ماهىيەت جەھەتتىكى بىردەكلىكىمىزنى نامايان قىلدۇق. بىزنىڭ ئىسىملىرىمىز ئوخشاش بولمىدى. «بەدەن»لىرىمىز ئوخشاش بولمىدى. لېكىن ماهىيىتىمىز، ئىپادىلىگەن مەنىمىز ئوخشاش بولدى. بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز سانلار دۇنياسىنى، تەدرىجىي هالدا ماتېماتىكا دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان تەكلىماكان ۋادىسىدىمۇ بىز ئۇيغۇرچە ئىسىم ۋە قىياپەت بىلەن بارلىققا كەلگەنىدۇق. شۇنىڭدىن ئىبارەت بىز كەلگۈسىمىزدىن ئۇلۇغۋار ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل- پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە زور ئىشەنچ باغلاپ، كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ - ياشناپ غايەت زور يۈكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا بولغانىدۇق. ئەپسۇسكى، تەرەققىياتىمىز تولىمۇ ئاستا بولدى، بىزنىڭ بىرىكىشىمىزدىن هاسىل بولغان سانلار دۇنياسىدا پەقەت 100000غىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرچە خانە ئىسىملىرى بولدى. بىزدىن ئۇيغۇرلار ئالتە خانىلىق سان ياسىيالمىدىمۇ ياكى ياسىسىمۇ ئۆز تىلىدا ئىسىم قويۇش ئىمكانىيەتلىرى بولمىدىمۇ ئېيتاۋۇر 6 - خانىدىن باشلاپ، بىزدىن ياسالغان سانلارنى «مىليون، مىليارد، تىرىليون...» دېگەندەك چەت ئەلچە خانە ئىسىملىرى بىلەن ئاتايدىغان بولدى.

16 - ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇرلاردا ئىپادىلەش ئېھتىياجى



تۇغۇلغان سانلىق مىقدارلار بەكمۇ ئاز بولدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى خانە سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان پۇللارنى تاپمىدى، پۇلنى كۆپ تاپقانلىرىمۇ شۇ پۇللارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تۆرلۈك ئۆلچەملىرى ئىنتايىن كۆپ خانىلىق سانلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يىغىلىقلارنى ياراتمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيىسى ئالەم جىسىملىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ خانىلىق سانلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تىلسىماتلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىچىپ بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ خىمىيىسى (نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردىمۇ خىمىيە پەنىنىڭ ئامىللىرى بار دېيىلسە) مولېكۇلا، ئاتوملارنىڭ ئىنتايىن كۆپ خانىلىق سانلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مىكرو دەرىجىلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىدى. ھەتتا كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار مولېكۇلا، ئاتوم دېگەن بۇ ئىسىملارنى تا مۇشۇ زامانغىچە ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ فىزىكىسى (ئۇلاردىمۇ فىزىكا پەنىنىڭ ئامىللىرى بار دېيىلسە) تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆرلۈك، تۈمەن جىسىملارنىڭ ئىنتايىن كۆپ خانىلىق سانلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان فىزىكىلىق مىقدارلىرىنى ئىپادىلەشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى...

كەتمەن بىلەن قەدىناس بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئىشچان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۆرلۈك سانلىق مىقدارلارغا ئېتىبار بىلەن قارىغىنى يوق. مۇشۇ زاماندىمۇ قارىسىغا مەبلەغ سالىدىغان، كىرىم - چىقىم ھېسابات قارىشى تولىمۇ يۇزە ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىھېسابتۇر. زامان كويۇمچان ئانا سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار دىيارىغا سانائەت بوۋاقلىرىنى ئەمدىلا تۇغۇپ بەرگەن تەقدىر بۇراش مىنۇتلىرىدا دادىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ بوۋاقلارنى باغرىغا بېسىپ ياخشى پەرۋىش قىلىپ بېقىپ ئۆستۈرۈپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە يىگىتلىك، قىرانلىق دەۋرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇيغۇرلار بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈچىلىكلا. چۈنكى سانائەت ناھايىتى چىگىش ساھە، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت دائىرىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك گەپنى قىلساق، سانائەت ساندىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئاز خانىلىق سانلار بىلەن سانائەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىققىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردىن سانائەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن سانائەتچىلەرنىڭ ساناقلىقلا چىقىشىنى ئۇلارنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئەمەسلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بانكىغا پۇل قويۇۋاتقان، ئەمما ئۆسۈمىنى ھېسابلاشنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلار ھېسابسىزدۇر.

ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارىسىدا بىزدىن بىزار بولۇپ ياشايدىغانلار ئاز ئەمەس. بەلكىم ئوقۇتقۇچى، بانكا خادىمى، ئىستاتىستىكا خادىمى بولۇشىڭىز، بىزدىن كۈنبويى ئايرىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. سىز بىزدىن نەقەدەر زېرىككەن-ھە! بەلكىم سىز مەلۇم ساھەدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر نۇرغۇن سان - مىقدارلىق پاكىتلار بىلەن تونۇشتۇرۇلغان بىرەر پارچە ماقالىنى ئوقۇماي قالمىدىڭىز. شۇ چاغدا سىز قانچىلىك سەۋرسىزلىنىپ، قانچىلىك بىزار بولۇپ كەتكەنسىز، بەلكىم سىز شۇ ماقالىنى تولۇق ئوقۇمىدىڭىز، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگىلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويدىڭىز. بولۇپمۇ، رەقەملەر دۆۋىسىگە نەزەر سالغىنىڭىزدا قاتتىق ئىچىڭىز پۇشتى. چۈنكى سىز بىزدىن تولىمۇ بىزار.

بۈگۈنكى دۇنيا «تەرەققىيات» دېگەن سۆز بىلەن تومۇرداش بولۇپ قالدى. تەرەققىياتنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىزدىن ئايرىلغان ھالدا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، بىز كۆپ يەرلەردە ساختىپەزلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتۇق. ناھىيە - يېزىلارنىڭ ئاشلىق، پاختا مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئاشماقتا. كان - كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىمۇ ھەر ھالدا ئاشماقتا. لېكىن بۇنداق ئېشىشلار بىز بىلەن ئىپادىلەنگەندە...

بىزمۇ ئۆزىمىزدىن بىزار بولايلا دەپقالدۇق. بىزنىڭ رولىمىز شۇنداق چوڭ بولسىمۇ لېكىن، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا بىز ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلدۇق، كۆپىنچە ھاللاردا تاشلىنىپ قالدۇق. ئىقتىدارىمىز تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساختىپەزلىك بىلەن قوشكېزەك بولۇپ قالدۇق. چەت ئەلدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن نۇرغۇن سانلىق مىقدارلاردا بىز يەنىلا بار. لېكىن، بۇ سانلىق مىقدارلارنىڭ ئىچىدىكى بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇرلار بىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولمايدۇ، چۈنكى بۇ سانلىق مىقدارلارنى چەت ئەللىكلەر بىزنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىپ ئىجاد قىلغان. بىز نەدە ئىشلىتىلسەك شۇ يەرگە تەئەللۇق. نەدە كۆپ ئىشلىتىلسەك شۇ يەردىن رازى، نەدە ئىشلىتىلگەن بولساق، شۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى بولىمىز.

ئۇيغۇرلار، بىزنى — رەقەملەرنى تاشلىۋەتمەڭلار! (06)



# روسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىن

## روسىيىگە نەزەر

★ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ★

بۇنىڭدىن 5 ـ 6 يىل بۇرۇن، سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەب ۋە بەزى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئەڭ چوڭ مەملىكەت ــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، ياۋروپانىڭ شەرقىدىن ئاسىيانىڭ شەرقىگىچە سوزۇلغان بۇ كەڭ زېمىندا نۇرغۇن مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئاساسەن تىنچ ئۆتكەن، ئۇرۇش ـ تالاشتىن خالىي بولغان بۇ پارچىلىنىش جەريانى شۇ چوڭ مەملىكەتنىڭ «خېمىر تۇرۇچى» ھېسابلانغان كېيىنكى روسىيىگە زادى نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ بىز بۇ ھەقتە قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان باھا ۋە خەۋەرلەردىن ئۆزگە، بۇ قەدىمكى ۋە ياش دۆلەتنىڭ چېچىنىيە كىرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق، ھەل قىلىش خېلى قىيىنغا توختاۋاتقان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر پەيدا بولغانلىقىنى، روسىيە ئاھالىسىنىڭ قارا بولكا ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز قاتاردا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلدۇق. بىزگە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارقىلىق روسىيىگە ئۆتكەن بەزى ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىمىزمۇ روسىيە ھەققىدە زىيارەت خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلدى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە روسىيىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالاتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كۈنسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ مەتبۇئات يۈزىدە ئانچە كۆپ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىراق، ھازىرقى روسىيىنىڭ ئەھۋالى دۇنيا ئاگېنتلىقلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشامدۇ، غەربىي بىلەن شەرقىي قىسمىنىڭ ئەھۋالىدا قانداق پەرقلەر بار، 4 ـ 5 يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر زادى قانچىلىك دېگەن مەسىلىلەر ھازىرمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ روسىيىنى كۆزىتىشتە ئادەت بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ كۆزەتكەنلىكىمىز، ئوتتۇرا قىسمىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمىز سەۋەبلىك، ئۇنىڭ سىبىرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىراق شەرقىي ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز بەكمۇ ئاز. مېنىڭ بۇ قىسقا خاتىرىنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشىمدىن مەقسەتمۇ زىيارەت قىلىش پۇرسىتىمىز كەم بولىدىغان روسىيە يىراق شەرقىگە قىلىنغان 7 كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىمنى، تەسىراتلىرىمنى ئورتاقلىشىشتىن، روسىيىنىڭ يىراق شەرقىي توغرىسىدا يۈزەكى بولسىمۇ مەلۇمات بېرىشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو ياشلار گېزىت ـ ژۇرناللىرى جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ياشلار گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ قىسمەن باش مۇھەررىرلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان زىيارەت- تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ يىل 7- ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە روسىيىنىڭ يىراق شەرقىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ۋىلادىۋوستوك قاتارلىق بىر- قانچە چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە زىيارەتتە بولدۇق. مۇئەللىپمۇ شۇ باش مۇھەررىرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن روسىيىدە شۇنچىلىك ۋاقىت زىيارەتتە بولدۇم. تۆۋەندىكىسى 7 كۈنلۈك تەسىراتىمنىڭ بىر قىسمى.

بىز خارىبن شەھىرىدىن چىقىپ خىيلۇگىچىلاك ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان سوۋېفېنخې ناموزنىسى ئارقىلىق روسىيە زېمىنىگە كىرىپ كەلدۇق ۋە روسىيە زېمىنىنىڭ 50 كىلومېتىرچە ئىچكىرىسىگە جايلاشقان روسىيە تاموژنىسىنىڭ زۆرۈرى تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن روسىيە تەرەپنىڭ «COSMOS» ماركىلىق ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ۋىلادىۋوستوكنى كۆزلەپ يولغا كەتتۇق.

چېگرا بىلەن ۋىلادىۋوستوكنىڭ ئارىسى ــ ماشىنىلىق 7 سائەتلىك يول بوك ـ باراقسان ئورمان ۋە ياپيېشىل ئوت بىلەن قاپلانغان، كىچىك ـ كىچىك ئېقىنلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل زېمىن ئىكەن. ئانچە ئېگىز بولمىغان ئىدىرلىقلاردا خىلمۇ خىل كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ئۆسىدىكەن، ئىدىرلار ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە بولسا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ئوت ـ چۆپلەر خۇددى يېشىل دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرىدىكەن. كىشىنى ئېچىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى بۇ ئورمان ـ ئوتلاقلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدىغان ھەربىي پونكىتلاردىن ئۆزگە، ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى چېلىقمايدىكەن، دېھقانچىلىق قىلىشقا شۇنچىلىك مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈزلەڭلىكلەر نىمىشقىدۇ تېرىلمايدىكەن، شۇنچىلىك بولۇق ئوتلاقلاردىمۇ يا كالا، يا قوي بېقىلمايدىكەن، چېگرىدىن تارتىپ ۋىلادىۋوستوكقىچە بولغان نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق بۇ مۇنبەت زېمىن ئەنە شۇنداق تەبىئەتنىڭ ئىختىيارىغا «تاشلاپ بېرىلگەن» ئىكەن. بىز سەپەر داۋامىدا مۇلاھىزە قىلىشىپ، بۇ روسىيىدە ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەگەر ئادەم كۆپ بولغان بولسا، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن بۇ ئوتلاقلار چوقۇم تېرىلغۇ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلماي قالمايتتى، دېيىشتۇق.

بىز سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى كۈنى چېگرا بىلەن ۋىلادىۋوستوك ئارىسىدىكى بىر كىچىك شەھەردە توختاپ، يېرىم كۈنلۈك زىيارەت ـ تەكشۈرۈشتە بولدۇق. بىز ئاسمان ـ پەلەك قىرى دەرەخلەر بىلەن قورشالغان بىر كۆچۈم ئاھالىلەر رايونىغا كىرىپ چوڭلار، ياشلار ۋە ئۆسمۈر بالىلار بىلەن ئۇچراشتۇق. كەسپىي قىزىقىش تۈپەيلى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىشنى خالىغانلىكى كىشى بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىسىدا 72 ياشلىق بىر موماي ئۆزىنىڭ خېلى بۇرۇنلا پېنسىيىگە چىققانلىقىنى، ھازىر بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاۋاتقىنىنى، ئايلىق پېنسىيە سوممىسى بولغان 7000 رۇبلىنىڭ 4000 رۇبلىسىنى ئۆي ئىجارىسى، توك، سۇ ھەققىگە تۆلەيدىغىنىنى، كۈنىنىڭ غورىگول ئۆتۈۋاتقىنىنى سۆزلەپ بەردى. بىز سوۋېفېنخې تاموژنىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەركىن بازاردا 1000 يۈەن خەلق پۇلىغا 650مىڭ رۇبلى تېگىشكەندۇق. بۇنداق ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە قارىغاندا بۇ مومايىنىڭ 7000 رۇبلىغا تايىنىپ قانداق ياشاۋاتقىنىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس.

بۇ ئاھالىلەر رايونى 10 نەچچە قەۋەتلىك بىنالاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سېلىنغىنىغا 15 ـ 20 يىل بولغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدىغان بۇ بىنالار رېمونتسىز قالغاچقىمۇ، خېلىلا كونا ۋە ئىسكەتسىز كۆرۈنىدىكەن. جامائەت ئەسلىھەلىرىمۇ كېرەكتىن چىقىشقا باشلىغان. توك، تېلېفون سىملىرى قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. مەيدانلارنىڭ بەزى يېرىگە ئەخلەت ـ چاۋالار دۆۋىلىنىپ، تۇرۇبا خەندەكلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپتۇ. بىراق، بۇ يەردە



ۋىلادىۋوستوكتىكى دېڭىز ئارمىيە بازىسىدا



دېڭىز ـ ئوكيان مەيدانىدىكى مال ساتقۇچىلار ۋە سېتىۋالغۇچىلار

ياشىغۇچى ئاھالىلەرنىڭ قەددى ـ قامىتى، چىراي-تۇرقى، كىيىنىش-ياسىنىشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن. ياش ـ ئۆسمۈرلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق، كېلىشكەن ئىكەنكى، ئۇلار ئارىسىدىن بەدۆش، سەت، ئىپپاق بىرىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

بىز مەنزىلگاھقا ـ يەنى ۋىلادىۋوستوك شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى چوڭ يولدىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان تارماق ئاسفالت يوللارنىڭ كۆپىيىۋاتقىنىنى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان تاغلاردا يانباغىردىن تارتىپ تاغ چوققىسىغىچە ھەر خىل پاسونىدىكى ئۆيلەرنىڭ قەد كۆتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. 2 ياكى 3 ئېغىزلىق بۇنداق كۆركەم ئۆيلەر ئۆي ۋە كىچىكرەك سەيناددىن تەركىب تاپىدىكەن. قورشاۋ تېمى يوق ئىكەن، سەينادا ــ دەرەخ ئاستىدا كىچىك ماشىنىلار توختىتىپ قويۇلغانىكەن. يول باشلىغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاغىنى قاپلاپ كەتكەن بۇ ئۆيلەر ۋىلادىۋوستوكتا ياشىغۇچى ئاھالىلەرنىڭ داچىسى ئىكەن. ئۇلار دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتىدا مۇشۇ ھاۋالىق داچىغا كېلىپ تۇرىدىكەن.

روسىيىدە يول پەۋقۇلئاددە ئوبدان ياسالغان بولۇپ، شەھەر بىلەن شەھەر ئارىسىدىكى يوللارمۇ 4 لىنىيىلىك ئاسفالت يول ئىكەن، ئۇنىڭ تۈزلىكى، تەكشىلىكى، تاشيول ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇقلۇقىغا كىشى قايىل بولماي تۇرالمايدىكەن. بۇ يوللاردا ھەر خىل ماشىنىلار شۇنچىلىك كۆپ، سۈرئىتى شۇنچىلىك تېز ئىكەنكى، بۇ ھال بىزدەك چەتتىن كەلگەن كىشىگە ئالاھىدە بىر تەسىر بېرىدىكەن. ھېلىقى مومايدەك، ئايلىقىغا 7000 رۇبلى پېنسىيە پۇلى ئالىدىغان، كۈندىلىك يېمەكلىكىنى كۈندە سېتىۋېلىپ يەيدىغان روسىيىلىكلەردە ھەر بىر ئائىلىدە دېگۈدەك يېپيېڭى ياپون، ئامېرىكا، گېرمان ماشىنىلىرىنىڭ بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن. بىزدە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىسىدىن بىشارەت بېرىدىغان «كالا بېشى» ، «قومۇلۇق شاھى» ، «مىرسىدىس»دەيدىغان ماشىنىلار ھەتتا بىز بىلمەيدىغان، كۆرۈپ باقمىغان ئالىي پىكاپلارنىڭ روسىيىلىكلەردە بولۇشى «روسىيىلىكلەر بىر بولكا ئۈچۈن 24 سائەت قاتاردا تۇرىدىكەن، كەمبەغەلچىلىكتىن بار بىساتىنى سېتىپ يەپ بوپتۇ»دەيدىغان قاراشتىكىلەرنىڭ ھۆكۈمىگە تامامەن زىت كېلىدىكەن. روسىيىلىكلەرگە بۇنداق ماشىنىلارنى سېتىۋالالىغۇدەك ئىقتىسادىي قۇدرەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، ماشىنىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پۈتۈن ۋىلادىۋوستوك شەھىرىدە بىرەرمۇ تاكسىنىڭ بولماسلىقى، بىرەرمۇ ۋېلسىپىتنىڭ كۆزگە چېلىقماسلىقى كىشىگە بىر سىر بولۇپ تۇيۇلىدىكەن.

بىراق شەھەر كوچىلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان قوش لىنىيىلىك، رېلىسلىق تراللىبۇس يولى ۋە گۈلدۈر ـ تاراق قىلىپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان 2 ـ 3 ۋاگونلۇق تراللىبۇسلار كىشىنى بەكلا بىزار قىلىدىكەن ۋە زامانىۋى شەھەرگە ياراشمايۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. تراللىبۇسلار مېڭىۋېرىپ ماشىنا ۋە تراللىبۇس ئارىلاش ماڭىدىغان ئاسفالت يوللارنى كېرەكتىن چىقىرىپ، زەيكەش جاڭگال يوللىرىدەك ئېگىز- پەس قىلىۋېتىپتۇ.

ۋىلادىۋوستوك چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغا، روسىيىنىڭ

ئەڭ شەرقىگە، خېلىۋېجىياڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ياپونىيە بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان چوڭ پورت شەھىرى بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى روسىيىنىڭ تىنچ ئوكيان ئىسكادراسى جايلاشقان ھەربىي پورت سۈپىتى بىلەن روسىيە دۆلەت مۇداپىئەسىدە ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن تۇتىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسى 700 مىڭ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن دېڭىز فلوتىنىڭ ھەربىي خادىملىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئارقا سەپ خادىملىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. روسىيىگە قاراشلىق ھەربىي پاراخوتلارنىڭ، ئامېرىكا قاتارلىق چەت ئەل پاراخوتلىرىنىڭ دېڭىز پورتلىرىدا توشۇپ تۇرغىنىغا ۋە ساياھەت - ئىستراھەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپلىكىگە قارىغاندا بۇ شەھەرنىڭ ھازىر ئېچىۋېتىلگەن شەھەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن سۇ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش خېلىلا جىددىيدەك كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى دېڭىزدا بىرەر بېلىقچى پاراخوتنى ياكى كېمىسىنى كۆرمىدۇق. ماگىزىنلىرى كورىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ماللىرى بىلەن چاقناپ تۇرغان بۇ شەھەردە ياكى شەھەر ئەتراپىدا بىرەر زاۋۇت ياكى بىرەر كارخانىنى كۆرمىدۇق، بۇ ھال كىشىگە بىر خىل تاسادىپىيلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر چارروسىيە زامانىدىن باشلاپلا دېڭىز ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق بازا ئىكەن. چارروسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ھەربىي تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى پىلان، نورما، قەرەل بويىچە مەلۇم ھەربىي ئورگان تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەچكە، ئۇچاغلاردا ماگىزىنغا ئېھتىياج چۈشمىسە كېرەك، بۇ شەھەردە ھازىرمۇ بىزدىكى بىرەر ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا تەڭ تۇرغىدەك بىرەر چوڭ ماگىزىننى تاپقىلى بولمايدىكەن. ھازىرقى ماگىزىنلار ئاساسەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزگەرتىلگەن بىر يۈرۈش- بىر يۈرۈش ئۆيلەر ئىكەن. بۇ ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ بۈگۈنكى ماگىزىنلار پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

ۋىلادىۋوستوك ۋە روسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىكى بىز كۆرگەن شەھەرلەرنىڭ سودا ئەھۋالى ھەر خىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرى خەۋەر قىلغان ئوتتۇرا روسىيىنىڭ ئەھۋالىدىن، بولۇپمۇ بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن خېلىلا پەرق قىلىدىكەن. ماگىزىنلار كىچىكرەك بولسىمۇ، كۆپ ئىكەن. ماگىزىنلاردا ياپونىيىنىڭ، كورىيىنىڭ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ھەر خىل يېمەك - ئىچمەكلىرى، چاي- كەمپۈتلىرى، ئىتالىيە، تۈركىيە خۇرۇم بۇيۇملىرى، تەييار چۈپ، پىچىنە- پىرەنىكلەر، شەرقىي ياۋروپانىڭ قاچا - قۇچا، كىيىم- كېچەكلىرى تولۇپ تۇرۇپتۇ. يەرلىك، چەت ئەللىك خېرىدارلارمۇ كۆپ ئىكەن. بىراق مېنى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، بۇيەرنىڭ ماگىزىنلىرىنى شۇنچە كۈن ئايلىنىپمۇ جۇڭگو مېلىنى ئانچە كۆپ كۆرەلمىدىم. خېلى چوڭ بىر ماگىزىننىڭ چاي بۆلۈمىدە 200 خىلدەك چەت ئەل چېيىنى كۆردۈم- يۇ، شۇ چايلار ئارىسىدىن چاينىڭ قەدىمكى ماكانى بولغان



مۇناستىر پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ ساخاۋەت كۈتىۋاتقان ھاجەتمەنلەر



**كوچا بويىدا مەززە قىلىۋاتقان كىچىك «بەگگە»لەر**

جۇڭگونىڭ چىيىنى چىلىقتۇرالمىدىم. مەن يەنە ئەپسۇس ئىچىدە شۇنىڭدىن خەۋەردار بولدۇمكى، 3 - 4 يىل بۇرۇن بۇ شەھەرنىڭ ئىشكى چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلگەندە بۇ يەرگە ئەڭ دەسلەپ كىرگىنى جۇڭگو تىجارەتچىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ ماللىرى بولغان ئىكەن. بىراق، بىرەر ئىككى يىل ئۆتمەيلا شەخسىي ئوقەتچىلەر ئېلىپ كىرگەن بۇ ماللارنىڭ ساختا مەھسۇلات ئىكەنلىكى سېزىلىپ، روسىيە ئىستېمالچىلىرىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز ماللىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىش يولى گەرچە ئېتىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ماللار بىرىپ- بىرىپ بازاردىن سىقىپ چىقىرىلىپتۇ ۋە ئىمپورت قىلىنغان تاۋار قۇرۇلمىسىدىكى بۈگۈنكى ھالەت شەكىللىنىپ قاپتۇ. چەت ئەلدىمۇ قاياقتا قارىساڭ ياپون، كورىيە، ئامېرىكا مېلى ۋە شۇلارنىڭ مال ئېلانى كۆزۈڭگە چېلىقىۋەرسە ئەلۋەتتە مىللىي غورۇرۇڭ ئازراق ئەدەپ يەپ قالىدىكەن.

ۋىلادىۋوستوك ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئېچىۋېتىش تارىخى ئۇزۇن بولمىغاچقىمۇ، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى تېخى ئادەتتىكى سەۋىيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. مەسىلەن، ئۆمىكىمىز چۈشكەن «ئاموۋرسكى»مېھمانخانىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ مېھمانخانا ئاتاقتا 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ئىكەن. ئالىدىغان راسخوتىمۇ ئەلۋەتتە 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ئۆلچىمىدە بولىدىكەن. بىراق، دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان، شەھەر بويىچە ياخشى مېھمانخانا سانىلىدىغان بۇ مېھمانخانىنىڭ 2 كىشىلىك ياتاقلىرى شۇنچىلىك ئاددىي جاھازىلانغانكى، كارىۋاتنىڭ كەڭلىكى بالا كارىۋىتى بىلەن تەڭ ئىكەن، تېلېۋىزور، رادىئوسىمۇ يوق، بىر دانە كىرسلو بىلەن كىچىككىنە بىر ئۈستەل قويۇلغان، بىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ئورنىتىپ بەرگەن ئاددىي لاباغا ئوخشايدىغان بىر لابا تۆر تامغا قادالغان ئىكەن. پەقەت مۇشۇ لابالا ھازىرقى زامان مۇزىكىسىنى ئاڭلىتىپ، دەۋرنى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن. ئورۇن - كۆرپىنى يىغىش، مۇنچىنى يۇيۇش، پولنى سۈرتۈش دېگەندەك مۇلازىمەت تۈرلىرىدىن تا ئاخىرقى كۈنگىچە بىر قېتىممۇ بەھرىمەن بولالمىدۇق.

روسىيىنىڭ يىراق شەرقىدىكىلەرگە قاراپ، ئۇلارنى يەنىلا باي دېيىشكە بولىدۇ. باي دېگەندە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ئۇنىڭدىن قالسا ماددىي بايلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، روسىيە ئاھالىسى ئارىسىدىكى يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ سانى خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، يۈرۈش- تۇرۇش، ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە بولسۇن مەلۇماتلىقلاردا بولىدىغان سالاپەتنى ئىپادىلەيدىكەن. بىز دېڭىز - ئوكيان كۆرگەزمىسى ئالدىدىكى مەيداندا يېرىم كۈنچە ئايلىنىپ يۈردۇق. بۇ يەردە ھەر خىل يۈك ماشىنىلىرىدا ئوقەتچىلەر- دۆلەت ئىگىلىكىدىمۇ ياكى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىمۇ بىلمىدۇق - ھەر خىل يېمەكلىك، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېتىپتۇ، سېتىۋالىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن، بىراق 10 ئادەم بولسىمۇ قاتاردا تۇرىدىكەن، 2 ئادەم بولسىمۇ بىرىنىڭ كەينىدە بىرى تۇرىدىكەن، ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان، ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭ سالىدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، كىيىنىشلىرىمۇ رەتلىك، پاكىز ئىكەن.

روسىيىلىكلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى باياشات دېيىشكىمۇ، ئانچە باياشات ئەمەس دېيىشكىمۇ ئوخشاشلا ئاساس تاپقىلى بولىدىكەن. باياشات دېگەندە ئۇلارنىڭ يېپيېڭى ماشىنىلىرى، ئۈلچەملىك كىيىم- كېچەكلىرى، ئازادە تۇرالغۇلىرى، مۇكەممەل ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە جامائەت مۇئەسسەسىلىرى، تاغلارنى قاپلاپ كەتكەن داچىلىرى، دەم ئېلىش كۇنلىرى دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتا ئائىلە بويىچە ئەتىگەندىن كەچكىچە يېتىپ كېتىشلىرى، مۇھىمى پايدىلىنىشقا بولىدىغان، تېخى پايدىلىنىلمىغان بايلىقلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى كۆز ئالدىڭغا كېلىدىكەن.

ئانچە باياشات ئەمەس، دېگەندە ئانچە - مۇنچە قەلەندەرلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى، بەزى ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلارنىڭ كوچىدا قالغانلىقىنى، بەزى ياشانغانلارنىڭ كوچا بويلىرىدا گارمون چېلىپ خەير- ساخاۋەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاتقىنىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىز 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋىلادىۋوستوك شەھىرىنىڭ غەربىدىكى مەشھۇر بىر مۇناستىرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى باردۇق. بارساق يولدىن مۇناستىرغا يامشىدىغان بىتون پەلەمپەينىڭ 2 تەرىپىدە 10 نەچچە موماي ۋە بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار قوللىرىنى سوزۇپ، بىر نېمىلەرنى ئىلتىجا قىلىۋاتقىنىغا قاراپ، تىلەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدۇق - دە، بىردىنلا سېخىيلىقىمىز تۇتۇپ كېتىپ ئۇلارنىڭ قولىغا ھەر بىرىمىز بىرەر مىڭدىن رۇبلى تۇتقازدۇق. بەزى سەپەرداشلىرىمىز بۇ تىلەمچىلەرنى — بىر مەزگىل سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ «چوڭ ئاكىسى» بولغان رۇسلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئەرشتىئەلادا ھېسابلىدى بولغاي، ئۇلارنى بەس - بەس بىلەن سۈرەتكە ئالغىلى تۇردى، بەزىلىرى تاماكا تىلەۋاتقان 7 - 8 يېتىمچىلەرنىڭ قولىغا تاماكا تۇتقۇزۇپ ئۇلارنىمۇ سۈرەتكە تارتقىلى تۇردى. بۇ ھال روسىيە تەرەپتىن بىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدىمۇ، ئۇلار: «بولدى، سۈرەتكە ئالماڭلار، بۇلار مېڭىسىنىڭ سۆيى بار كىشىلەر» دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى بىزنى نېمىشقىدۇ بىر خىل ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

2 خىل تۈزۈمنىڭ تىنچ ئالمىشىشىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىنى تېخى بېسىپ تۈگىتەلمىگەن بولسا كېرەك، بىز كۆرگەن روسىيىدە، ھېچ بولمىغاندا يىراق شەرقتە جۇڭگودىكىدەك جۇش ئۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان جۇشقۇن ھالەتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ماشىنىلىق ئادەملەر نېمىگىدۇ ئالدىرىغاندەك تېز مېڭىشىدۇ، دىققەت بىلەن كۆزەتسەڭ، ئۇلار يا داچىسىغا بارىدۇ، يا دېڭىز بويىغا كېلىپ قۇملۇقتا بېلىقتەك سوزۇلۇپ يېتىشىدۇ.

جەمئىيەت ئامانلىقى ھەر ھالدا كاپالەتكە ئىگە. 20 بەت، 30 بەت چىقىدىغان رەڭلىك گېزىتلەرنىڭ كەم دېگەندە 2 بېتىگە غەيرى مۇلازىمەت قىلىشنى خالايدىغان چىرايلىق قىزلارنىڭ سۈرىتى، تېلېفونى بېسىلىدۇ. ھەتتا يالاڭغاچ سۈرەتلەرمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەتە- ئاخشىمى غەلىتە كىيىنگەن مودا قىزلار مېھمانخانىلارنىڭ ئالدى- كەينىدە، دىسكو- كافىخانىلاردا ئەگىپ يۈرىشىدۇ. بۇ ھال كىشىنى ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ — «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىم - جىت» دېگەن فىلىمدىكى ۋەتەنپەرۋەر قىزلارغا ئوخشاش باتۇر ئەجداتلىرىنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويۇۋاتامدۇ نېمە دېگەن ئەندىشىگە سالىدۇ.

بۈگۈنكى يىراق شەرق روسىيىدە كوممۇنىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ، يېڭىلىق بىلەن كونىلىقنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. جۇڭگو - روسىيە چېگرىسى بىلەن ۋىلادىۋوستوك ئارىسىدىكى سوۋېت قەھرىمانلىرى، گېنېراللىرى نامىدىكى نۇرغۇن كولخوزلارنىڭ يول تاختىسى تېخى ئۆزگەرتىلمىگەن، قەيەردىدۇ «كومسومولسكا يا پراۋدا» گېزىتىنىڭ مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ئېلانى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. شىلەپە، رەڭگى ئۆڭگەن نىشانسىز ھەربىي فورما كىيىۋالغان بەزى چوڭ ياشلىق كىشىلەر 5 يۇلتۇز ياكى قىزىلبايراق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مېداللارنى بولۇشىغا تاقاپ بازارلاردا يۈرىشىدۇ. كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم تەرغىپ قىلىنغان بەزى پىلاكاتلار يەنىلا ئۆز جايىدا. دېڭىز بويىدىكى چىرايلىق مەيدان ئەتراپىدىكى 2 - جاھان ئۇرۇشىدا دېڭىز ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۈچۈن ياندۇرۇلغان مەشئەل ئۆچۈرۈلگەن، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى كۆرۈنمەيدۇ، شەھەرلىك مەيداندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سىياسىي مەزمۇندىكى چوڭ پىلاكات ئالدى ئۇششاق يايمىچىلارنىڭ يايما ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن.

قىسقىسى،يايپېشىل ئوت - چۆپ ۋە قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان يىراق شەرق روسىيىسى بىر خىل ئىسپىي جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتتۈۋېتىپتۇ، ئورمانلارمۇ جىمجىت، دېڭىزدىمۇ دولقۇن كۆرۈنمەيدۇ، يامغۇر دېسە يامغۇر يوق، بوران دېسە بوران يوق. بىز بۇ جىمجىت زېمىندا بىر قانچە كۈن ياشاپ، ئاخباراتچىلارغا خاس كەسپىي سەزگۈرلۈكىمىز بىلەن خېلى كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق. بىراق، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىزنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا باتۇر رۇس خەلقىگە، ئۇلارنىڭ گۈزەل مەملىكىتىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، كەلگەن يول بىلەن ۋەتەن زېمىنىغا قايتىپ كەلدۇق.

# داۋالاش بەيگىسىدىكى ھارماس تۇلپار

★ ئوبۇلھەسەن داۋۇت ★

شان - شەرەپ ئەزەلدىن جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان تىرىشچان كىشىلەرگە ۋە قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان، كەسىپكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت يۈكسەك گۈزەل غايىنى قەلبىگە چوڭقۇر پۈككەن كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولۇپ كەلمەكتە. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ۋراچ ئوبۇلقاسىم ئەخمەت ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ شان - شەرەپ قازىنىۋاتقان، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلارنىڭ بىرى.

ئۇ، 1985- يىلى 7- ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك تىببىي تېخنىكومنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت داۋالاش كەسپىي سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ شۇندىن تارتىپ ئۆز كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، پېشقەدەم دوختۇرلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى ۋە تېز ئالغا باستى. دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئۇنى 1995- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئۇ بۇ كۇرستا پروفېسسورلارنىڭ ئىلمىي لېكسىيىلىرىنى ئاڭلىدى، تونۇشتۇرۇلغان تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەندى. بۇ قىممەتلىك ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆگەنگەنلىرىنى كەسىپ داۋامىدا تەتبىقلاپ ئىشلىتىپ



كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئاغرىقلارنى داۋالاش داۋامىدا ئېغىر ئاغرىقلار، داۋالاش قىيىن بولغان ۋە كۆيۈنۈپ داۋالىسىمۇ نەتىجە كۆرۈلمىگەن ئاغرىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باردى، ئاغرىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېسەلنىڭ تارىخى، ئۆزگىرىشى، ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ئاندىن تەدبىر قوللىنىپ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتتى. كەڭ ئاغرىقلاردىن پىكىر ئېلىپ بۆلۈمىنىڭ كېسەل كۆرۈش، داۋالاش، پەرۋىش قىلىش، دورىگەرلىك جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. باققۇچىسى يوق، مېيىپ، ئاجىز، نامراتلارنىڭ كېسىلىنى ياخشى داۋالاپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن، يېمەك - ئىچمىكىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، غەرب تىبابىتى ۋە باشقا تىبابەتلەردە داۋالاش قىيىن دەپ قارالغان ئاق كېسەل، كالا تەمرەتكىسى، قەنت سىيىش كېسىلى، بۆرەككە تاش چۈشۈش كېسىلى، مەزى بېزى چوڭىيىپ كېتىش كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، توغرا داۋالاپ ساقايتىپ ئۆز كەسپداشلىرى ۋە ئەل - يۇرت ئىچىدە يۇقىرى نام - شۆھرەتكە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن ئاق كېسەلنى مۇنزەج بەرەس دورىسى بىلەن داۋالاش ۋە ئاپتاپقا قاقلاپ داۋالاپ ساقايتىش تەجرىبىسى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇ خىل كېسەلنى داۋالىتىپ ساقىيىپ كەتكەن 13 نەپەر كىشى يۇرتلىرىدىن ئوبۇلقاسىم ئەخمەتكە ۋە تاشقى كېسەللەر

بۆلۈمىدىكى دوختۇر- سېستىرالارغا رەھمەت خېتى ئەۋەتتى. يەكەن ناھىيىسىدىن كېلىپ داۋالىنىۋاتقان بىر ئاغرىق ئۇنىڭدىن چەكسىز رازى بولۇپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭ دورىسىمۇ پايدا قىلدى، ھەممىدىن بەكرەك ئۇنىڭ يېقىملىق پوزىتسىيىسى كېسىلىمىزگە شىپا بولدى» دېدى.

ئۇ تىببىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتى. كەسپىكى ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى بوشاشتۇرماي ئېلىپ باردى. ئاممىغا باشلامچى بولۇپ تىببىي خادىملار ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلدى. كېسەل كۆرۈش ۋە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەش داۋامىدا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتمىدى. ئۆزىنىڭ تىكلىگەن پاك نىيەتلىك سەممىي ئوبرازى ئارقىلىق ئۆلگە بولغانلىقتىن تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى خادىملاردا ئاغرىقلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان، قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ قىزىل بولاق قوبۇل قىلىدىغان، ئالۋاڭ - سېلىق سالىدىغان ۋە نەرسە - كېرەك تەلەپ قىلىدىغان ناتوغرا ئىش - ھەرىكەت قەتئىي يۈز بەرمىدى. بىرەر قېتىممۇ داۋالاش سەۋەنلىكى كۆرۈلمىدى. تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ خىزمەت سۈپىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆسكەچكە كېسەل كۆرسىتىدىغانلار كۈنسايىن كۆپەيدى. بۇ بۆلۈم ھەر يىلى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى ۋە تەقدىرلەندى.

ئۇ يەنە كلىنىكا تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. 1996- يىلى يازغان «ئاق كېسەلنى داۋالاش جەريانىدىكى يېڭى بايقاش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1996- يىلى 1- سانىدا ئېلان قىلىندى. «زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوم گېزىتىنىڭ 1996- يىلى 5- سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا قارىتىمۇ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھاسى ياخشى بولدى. 1996- يىلى 8- ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «شىنجاڭ ياش مىللىي تىبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى بىرىنچى قېتىملىق ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى»دا «بۆرەك تاش كېسەللىكىنى داۋالاش جەريانىدىكى كلىنىك كۆزىتىش» ناملىق بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئوقۇلۇپ مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

ئۇ يەنە ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرىلەرگە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇلار ئىچىدە «مەن بىر بىمار بولسام» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى. ئىلمىي لېكسىيە ئاڭلاش، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، تەنتەربىيە، سەنئەت، تازىلىق پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. نەتىجىدە 1989- يىلىدىن ھازىرغىچىلىك دوختۇرخانا ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكا، ئۆزى مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى بولۇپ باھالىنىپ ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى. 1993- يىلدىن 1996- يىلغىچە ئۇدا تۆت يىل مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياش مىللىي تىۋىپلەر دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شۆبە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. (04)

# ئالتۇنتاغدىكى سىرلىق
## «ئالۋاستى جىلغىسى»

ئالتۇنتاغ تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونىنىڭ شەرقىي شىمالى گىرۋىكىدە سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول بىر تاغ جىلغىسى بار. كىشىلەر بۇ جىلغىنى «ئالۋاستىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھالاكەت جىلغىسى» دەپ قارايدۇ.

بۇ يەردە ھەر يىلى ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ. قارا بۇلۇتلار قوتراپ قولاقنى يارغۇدەك گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن ۋە ھەممە يەرنى مۆلدۈر قاپلاپ كېتىدىكەن. كېيىن تاغ باغرى ۋە جىلغىلاردا ئۇرغۇنلىغان ياۋا قوتاز، قولان، بۆكەن جەسەتلىرى ھەمدە جەسەت يېنىدا بەزى قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ۋە خارابىلىكلەر پەيدا بولىدىكەن. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ جەسەتلەر باشقا يەرلەرگە يۆتكىلىپ قالىدىكەن.

بۇ قورقۇنچلۇق جىلغا، شىنجاڭ - چىڭخەي چېگرىسىدىكى شەرقىي كوئېنلۇن تېغى بىلەن چىمەنتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جىلغىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 - 4500 مېتىر كېلىدۇ.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، «ئالۋاستى جىلغىسى» ئەمەلىيەتتە بىر چاقماق ھۇجۇم رايونى بولۇپ، ئۇ يەردە ۋولقانلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك ماگنىت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە زور كۆلەمدىكى تاغ جىنسلىرى كۆپلىگەن تۆمۈر كان تىزمىلىرى ۋە كۋارتس تاشلار يەر يۈزىدە كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى پەيدا قىلغان. ئېگىز چوققىلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان نەم ھاۋا تاغ باغرىنى بويلاپ ئېقىپ «ئالۋاستى جىلغىسى»غا يىغىلىش نەتىجىسىدە چاقماق ۋە گۈلدۈرماما بۇلۇتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە بۇ بۇلۇتلار كۆپ مىقداردىكى ئېلېكتر زەرەتلىرىنى ئېلىپ يۈرگەچكە ھاۋا بوشلۇقىدا كۈچلۈك ئېلېكتر مەيدانىنى ھاسىل قىلغان. ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئېلېكتر مەيدانى بىلەن يەر يۈزىدىكى ماگنىت مەيدانى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاز كۆرۈلىدىغان قارا يامغۇر ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان. جىلغىدا دەل - دەرەخلەر بولمىغاچقا، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان تاشلار، ئادەم ۋە ھايۋانلار چاقماق بىلەن گۈلدۈرمامىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. جىلغىنىڭ قارا يامغۇر يېغىش ۋاقتى تاغلىق رايونىنىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئالتە ھەسسە كۆپ.

«ئالۋاستى جىلغىسى» جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ توڭ تۇپراق رايونى بولۇپ. توڭ تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 100 مېتىرغا يېتىدۇ. ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە يەر يۈزىگە يېقىن جايلاردىكى تۇپراق قاتلىمى ئېرىپ يەر ئاستى يوشۇرۇن سۈيى ۋە يېپىق دەريالارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىنى پاتقاق، سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر ئوراپ تۇرغاچقا، ئادەم ۋە ھايۋانلار سەللا بىخەستەلىك قىلسا سازلىققا چۆكۈپ كېتىدۇ، بەزىدە، ئېقىش يۆنىلىشى ئېنىق بولمىغان يېپىق دەريالار چۆكۈپ كەتكەن جەسەتلەرنى باشقا يەرلەرگە يۆتكەپ ئاپىرىپ قويىدۇ. شۇڭا، چارۋىچىلار بۇنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان.(05)

(«ياشلار ئىلىم - يېنى» ژۇرنىلى 97 - 4) (مەمتىمىن مامۇت. ت)



# تۇرمۇش سىلىھەتچىسى گېزىتى

1997 - يىل
ئۆكتەبىر
(ئومۇمىي)
(112 - سان)

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى


## ئۇيقۇسىزلىقنى...

قولاقنى ئېتىپ ئۇخلاش: كېچىلىك سىمېنىدا ئىشلەيدىغانلار بەزىدە كۈندۈزى ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ، مۇشۇنداق ۋاقىتتا پاكىز پاختا بىلەن قولاقنى ئېتىپ قويسا، يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئۇخلاپ قالىدۇ.

شېكەر سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئۇخلاش: كىشىلەر كۆڭلى بىئارام بولغاندا ئاسان ئۇخلىيالمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىر ئىستاكان شېكەر سۈيى ئىچسە، بەدەندە بىر قاتار خىمىيىلىك رېئاكسىيىلەر بولىدۇ - دە، چوڭ مېڭە پوستلىقىنى تورمۇزلاپ ئۇيقا ھالىتىگە كىرگۈزىدۇ.

ئاچچىقسۇدىن پايدىلىنىپ ئۇخلاش: بەزى كىشىلەر سېپەر ئۈستىدە چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بىر قوشۇق ئاچچىقسۇنى بىر ئىستكان سوۋۇتۇلغان قايناق سۇغا قويۇپ ئىچىۋەتسە، ئاسانلا ئۇخلاپ قالىدۇ ۋە ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىغىلى بولىدۇ.

بولكا يەپ ئۇخلاش: ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر چارچە بولكا يەۋەتسە ئۇخلىغىلى بولىدۇ، چۈنكى بولكا تەركىبىدىكى ئامىنوكىسلاتاسى ئادەم بەدىنىدىكى ئاشقازان ئاستى بېزى ئاجرىتىپ چىقارغان سۈيۈقلۇق ئىنسۇلىن بىلەن بىللە مادداا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل گىروكسىل نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

(بۇرھانىدىن ئازات. ت)

## كەمبەغەللىك پەسلىك ئەمەس

لى جيەن تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆلىما بولۇپ، ئۇ كەمبەغەللىكنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، دائىم نەستە يىغقان پۇل ۋە مال دۇنيالىرىنى كەمبەغەل پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. يېقىن دوست، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇنى چۈشەنمەي، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، «كەمبەغەل ئەۋلادى» دېسە، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ: «مەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كەمبەغەل ئۆتكەن» دەيدۇ، بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سورىسا ئۇ: «مەن پۇل ۋە مال دۇنيالىرىمنى باشقىلارغا بۆلۈپ بەرسەم، كەمبەغەل ھېسابلىنىمەن، لېكىن باشقىلاردەك پۇل، مال دۇنيا ئۈچۈن ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان پەسكەش ئىشلارنى قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (02)  (ب. ئازات. ت)

### تەبىئىي مىنېرال سۇنى

ئىستېمالچىلار ھەقىقىي ۋە ساختا مىنېرال سۇنى پەرقلەندۈرۈشتە، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئىگىلىۋېلىشى كېرەك.

1) سۈزۈكلۈك دەرىجىسىگە قاراش كېرەك، تەبىئىي مىنېرال سۇ تەركىبىدە ئارىلاشما ماددا، دۇغ بولمايدۇ.

2. نۇرنىڭ سۇنۇش دەرىجىسىگە قاراش كېرەك. تەبىئىي مىنېرال سۇنى ئەينەك ئىستاكانغا قۇيۇپ چوكىنى سالغاندا، نۇرنىڭ ئەگرىلىك دەرىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەمما ساختا مىنېرال سۇدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك بولمايدۇ.

3. ئېغىرلىقىغا قاراش كېرەك. تەبىئىي مىنېرال سۇنى ئەينەك ئىستاكانغا قۇيغاندا، ئۈستىدە ئازراق كۆپۈك پەيدا بولىدۇ، تەڭگىنى سالسا،

### ئەتىگەندە يۈگۈرۈش

كىشىلەر ھەمىشە ئاخشىمى يۈگۈرۈپ، ھاردۇق چىقارماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەتىگەنلىك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يۈگۈرۈۋېلىشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ.

ئادەم ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا دەرھال ئۇيقۇسىنى ئاچالمايدۇ. بېشى ئېغىرلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى بوشاپ، ئىشتىھاسى ياخشى بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ئەتىگەندە بەدەن چېنىقتۇرۇش، تەنھەرىكەت ئويناش ۋە يۈگۈرۈش ئارقىلىق ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. لېكىن

## پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

ئاستا چۆكىدۇ، ساختا مىنېرال سۇدا
تەڭگىنىڭ چۆكۈشى تېز بولىدۇ.
4. ئىسسىقلىق سىغىمچانلىقىغا
قاراش كېرەك. ئوخشاش تېمپېراتۇرىدا
تەبىئىي مىنېرال سۇنىڭ ئىسسىقلىقىنى
سۈمۈرۈش ۋە تارتىشى بىر قەدەر ئاستا
بولىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا
بوتۇلكىنىڭ يۈزىدە ئادەتتە سۇ
تامچىسى بولىدۇ.
5. تەمىدىن بىلىش كېرەك.
كاربونات كىسلاتاسى تېپىدىكى
تەبىئىي مىنېرال سۇدا ئازراق
چۈچۈمەل تەم بولىدۇ، ساختا مىنېرال
سۇدا خلورگازى تەمى بولىدۇ.
6. ئىقتىدارىغا قاراش كېرەك.
تەبىئىي مىنېرال سۇنى ئاق هاراققا
قوشقاندا، هاراقنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ
كېتىدۇ. (02) (ھۆرلىقا. ت)

## ...نىڭ پايدىسى كۆپ

ئەتىگەندە بەدەن چېنىقتۇرغاندا ئورۇن،
هاۋا رايى ۋە تەن سالامەتلىك قاتارلىق
ئەھۋاللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەڭ
ياخشىسى، كىشىلەر ئورنىدىن تۇرغاندىن
كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇۋالسا،
زېھنىي ئېچىلىپ، روھلىنىپ ئۆزىنى ناھايىتى
يېنىك ھېس قىلىدۇ. ئەتىگەندە يۇيۇنغاندا،
45°C لۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش، يۇيۇنۇپ
بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن بەدەننى پاكىز
سۈرتىۋېتىش كېرەك. مۇنداق قىلغاندا ھەم
سالامەتلىككە پايدىلىق ھەم ۋاقىت ئاز
كېتىدۇ. (02) (ھۆرلىقا. ت)

## باللار ۋە كىتاب

بالىڭىزدا كىتابقا ئامراقلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىڭ:

1. ھەر كۈنى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، بالىڭىز بىلەن كىتاب ئوقۇڭ، 15 مىنۇتتىلا بالىڭىزغا ئىككى كىتابنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بېرەلەيسىز، ئوخلاشتىن ئىلگىرى كارىۋات بېشىدا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ.

2. كىتاب ئوقۇشنى ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ دىم ئېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇڭ.

3. بالىڭىزنى كىتابخانا ياكى كىتاب كۆرگەزمىسىگە ئاپىرىپ، كىتاب كۆرۈش، تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىڭ، بالىڭىزغا سوۋغات بەرمەكچى بولسىڭىز، كىتاب سوۋغا قىلىشنى ئويلىشىڭ.

4. بالىڭىزغا ماس كېلىدىغان ئوقۇشلۇق ئېلىپ بېرىڭ. مەسىلەن: ئۈچ - ياشلىق باللارغا خېتى چوڭ، رەسىمى چوڭ، رەسىم بىلەن خەت بىرلەشتۈرۈلگەن، چۈشىنىشلىك، بىر بەتتە بىر رەسىم بار كىتابلارنى ئېلىپ بېرىڭ.

5. ئازادە كىتاب ئوقۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە كىتابنى بالىڭىز ئاسان ئالالايدىغان يەرگە قويۇڭ بالىڭىزنى كىتابنى قايتا - قايتا ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ، بىر كىتابنى ھەر بىر قېتىم ئوقۇغاندا ئالغان تەسىراتى ۋە ئۇنۇمى ئوخشاش بولمايدۇ.

6. بالىڭىزغا كىتابتىكى بىلىملەرنى جانلىق ئىشلىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىڭ. مەسىلەن: ساياھەتكە چىققاندا بالىڭىزنىڭ پىكىر بايان قىلىشىغا يول قويۇپ، كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈڭ.

7. شارائىتىڭىز يار بەرسە بالىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىتاب جاھازىسى قويۇپ بېرىڭ، باللار ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى تىزىپ قويۇڭ، بالىڭىز كىتابتىن ئايرىلمىسۇن.

8. بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى توختىتىپ قويماڭ، بالىڭىز كىتابنى ئۆزى ئوقۇيالايدىغان بولغاندىمۇ بەزى كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىشنى، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن كۆرىدىغان كىتابى كۆپىيىدۇ. بۇ چاغدا بالىڭىزغا ئۆيىڭىزگە يېقىن يەردىكى كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسىنى بېجىرىپ بېرىپ بالىڭىزنىڭ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭ. (02) (ب. ئازاد. ت)

## «بېسىم كېسەللىكى»نىڭ ئالامەتلىرى

1. كۆپ ۋاقىتلاردا ھۆكىرەپ يىغلىغۇسى كېلىش؛

2. قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە خۇددى روھى كېسەللەردەك بولۇپ قېلىش؛

3. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمىگەندەك ھېس قىلىش، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەزى قارارلارنى چىقارغاندا گاڭگىراپ قېلىش؛

4. ھەمىشە باشقىلارنىڭ بىر ئېغىز گېپى ياكى تايىنى يوق ئىشلارنى دەپ ئازابلىنىش؛

5. گايىدا يېنىدىكى ئادەم ئۆزىگە ھومىيىۋاتقاندەك، سۆز ھەرىكەتلىرىنى پايلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇش؛

6. تاماكا چېكىش ياكى ھاراق ئىچىش بىلەن جىددىي كەيپىياتىنى پەسەيتىشكە كۆنۈپ قېلىش؛

7. كەچلىرى ئۇيقۇسى كەلمەسلىك؛

8. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاپ كەتكەندەك ھېس قىلىش؛

9. ھەرقانداق ئىشنى يامىنىغا تارتىش. باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىسى يېتەرسىز بولۇش.

(ھۆرلىقا. ت)



↑ ئېلجان جۇمە يازغان








↑ ئەبەيدۇللا جامايدىل يازغان

← تۇرسۇن ئەكرەم يازغان

↓ قۇدرەت قۇربان يازغان



# تەدبىر ۋە تەقدىر

★ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت ★

دۇنيادا ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلمەيدىغان ئىنسان يوق. لېكىن غايە بىلەن رېئاللىق، ئارزۇ بىلەن مۇمكىنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە پەرقىنىڭ يىراقلىقى سەۋەبلىك بۇ كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، نىشانغا يېتەلەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا بىز بۇنداق قەيسەر، غالىب ئىنسانلارغا ھەۋەس قىلىپ، قايىللىق ئىچىدە ئۇلارنى «ئۇلۇغ ئادەملەر» دەپ ئاتايمىز.

ئۇنداق بولسا، ئۆز غايىسى يولىدا بوشاشماي ئىلگىرىلەپ، ئاجايىپ زور ئىجادىي قۇدرەت ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان ئاشۇ ئۆلمەس ئىنسانلار – «ئۇلۇغ شەخسلەر» بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ پەرقى نەدە؟

پەرق ناھايىتىمۇ ئاددىي. ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەر ئوخشاش بىر ئوڭۇشسىزلىققا، مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندە، ئۇلار ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نۇرىنى تېخىمۇ پارلىتىپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەرگەن، ئادەتتىكى ئادەملەر بولسا ئەقلى، ھوشىنى يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋەرگەن. پەرق مانا شۇنچىلىكلا، خالاس.

دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھايات ھەقىقىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتەلىگەن. شۇنداق بولمىغىنىدا، تەقدىرنىڭ شۇنچە رەھىمسىزلىكلىرى ئالدىدا بېتخوۋېن «مەن تەقدىرنىڭ كېكىرتىكىدىن بوغۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتىم» دېيەلىگەن بولارمىدى؟!

ھەممىگە چۈشىنىشلىكى، ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە، قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىشىنى، شۇنداقلا ئاتا - ئانىسىنىڭ كىم بولۇشىنى تاللىيالمايدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، كەلگۈسىنى، تەقدىرىنى ئۆزى تاللىيالايدۇ. يەنى ئۆزى يارىتالايدۇ.

ۋەھالەنكى، بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلار ناھايىتىمۇ ئاز. چۈنكى بۇ ھەقىقەت ھاياتنىڭ تالاي سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاللاشمۇ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى بايقاش ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل

قىلىش ئاساسىدا، بوشاشماي كۈرەش قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ.

ھايات يولى ئېگىز - پەس ھەم ئەگرى - توقاي بولغاچقا، ئۇ ھەر قەدەمدە ئادەمنى ئويلىمىغان قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىپلا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئارزۇلارنى، ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ جەڭگە ئاتلانغانلار تۇنجى قەدىمىدە دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىز قىسمەتلەرنىڭ ۋاقىتلىق زەربىسى ئالدىدا قايمۇقۇپ، چۈشكۈن ھېسلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، كۈرەش نىشانىنى يوقىتىپ قويىدۇ - دە، ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ تەقدىرگە باش ئېگىدۇ.

مەغلۇبىيەتكە، ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەنلەرنىڭ تەقدىردىن زارلانمايدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. لېكىن تەقدىردە نېمە گۇناھ؟ بۈيۈك مۇتەپەككۇر سەئىدىمۇ «ھەممە ئادەم تەقدىردىن نالە قىلىدۇ. تەقدىردە نېمە گۇناھ؟ ھەر كىم ئۆزىگە ئۆزى تەقدىر» دېگەنىدى.

بۇگۈنكى كۈندە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ھېراكلىتنىڭ بۇندىن 2500 يىل ئىلگىرى ئېيتقان «خاراكتېر - تەقدىر دېمەكتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر دانالىق بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى شەرھلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. ئەجدادلىرىمىز ھېكمەتلىرى ئارىسىدىكى خۇددى شۇ مەنادا ئېيتىلغان «بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە ئۆزۈڭنىڭ خۇي - پەيلىرىدىن كۆر» دېگەن ماقالىدىمۇ ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شەيخ سەئىدىمۇ «چەرىختىن (پەلەكتىن، تەقدىردىن) نالىماي، پېشىلىڭدىن (خۇي - مىجەزىڭدىن) نالە» دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز ئەتراپىمىزدىكىلەرنى كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، مىجەز - خاراكتېرى ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن، ئۈمىدۋار، ئىرادىسى چىڭ كىشىلەرنىڭ مەيلى كەسپىتە، مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن ھامان ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە خاراكتېرى ئاجىز، تۇراقسىز، تېز قىزىقىپ تېز سوۋۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. قىسقىسى، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا قارىساق، ئۇنىڭ مىجەز- خاراكتېرى بىلەن غەلىبە، مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ، تەقدىرىنىڭ زىچ باغلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئادەتتە كىشىلەرگە باھا بەرگەندىمۇ، «مىجەزى ياخشى، چىقىشقاق»، «خۇيى ئوسال، مىجەزى بولمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش باھالار بىلەن كىشىلەرنى پەرقلەندۈرىمىز.

دېمەك، خاراكتېر بىر ئادەمنى باشقا ئادەمدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپ بولۇش بىلەن بىرگە، شۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقى، تەقدىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، خاراكتېر ھەقىقەتەنمۇ تەقدىر دېمەكتۇر.

مىجەز - خاراكتېر، خۇي - پېئىل بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئادەم ئۆز تەقدىرىنى يارىتىش، ھاياتىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشى، مىجەز - خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى تونۇشى ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىش، يېڭىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، يەنى ئۆز - ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۆز تەقدىرىنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئايلانغىلى بولىدۇ.

ئەمما، «ئېيتماق ئاسان، قىلماق تەس» دېگەندەك، ئېغىزدا ئېيتماق، ھاياجانلانماق ئاسان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتىمۇ قىيىن، چۈنكى دۇنيادا ئۆزىنى يېڭىشتىن، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى ئۆزگەرتىشتىن قىيىنراق ئىش يوق بولسا كېرەك. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېيىشكەن ئىكەن.

دەرۋەقە، مىجەز - خاراكتېردىكى ئاجىزلىقلارنى توغرا تونۇش ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىش، كۆنگەن خۇي - پېئىلنى تاشلاش ھەقىقەتەنمۇ تەس.

ئەمما، مىجەز - خاراكتېر قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. مىجەزدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىش قىيىن بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىش تامامەن مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا خۇددى دوستويېۋسكى ئېيتقاندەك، «ئۇلۇغ ئادەملەردىن بىرەرسىمۇ دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى.»

مىجەز - خاراكتېردا ئاجىزلىق بولمايدىغان ئادەم يوق. شۇنداقلا «ئۇلۇغ ئادەملەر»نىڭ ھەممىسىمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئاشۇنداق قەتئىي ئىرادە، يېڭىلمەس روھ، كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدا، ھايات - سىناقلىرى ئىچىدە ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى تونۇپ، ئۆزى بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۆزىنى يېڭىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ بارغان. شۇ ئارقىلىق تەقدىرى ئۈستىدىن غالىب ئۇلۇغ ئادەملەرگە ئايلانغان، ھەم ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھايات ھەقىقىتىنى دەلىللەپ بەرگەن.

خەلق ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال-تەمسىللىرىمىز ئارىسىدىكى «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولار» دېگەن ماقالدىمۇ مانا شۇ ھەقىقەت كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسان ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزىمەن دېسە شۇنداق ئۆتكۈزىدىغانلىقى، تەقدىر ئىنساننىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز بىزگە يەنە «تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي، تەدبىرگە تايىنىپ ياشا» دېگەن ئېسىل ھېكمەتنىمۇ قالدۇرۇپ، «ئۆز تەقدىرىڭ ئۆز قولۇڭدا» دېگەن ئىدى.

ھە دېگەندە تەقدىردىن زارلاپ، قاقشاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىزلىكىمىزنى تەقدىر قالقىنى ئاستىغا يوشۇرۇپ، ئۆكۈنۈشسىز قىسمەتلەر، مەغلۇبىيەت، يوقىتىشلار ئۈچۈن تەقدىردىن نالە قىلىش، ئەمەلىيەتتە بىچارىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. شۇڭا رومىن روللان «تەقدىر پەقەت ئىرادىسىز، ئاجىزلارنىڭ باھانىسىدىنلا ئىبارەت» دېگەنىدى. (07)

## جىنسىي كېسەللىك بىمارلىرى ئۈچۈن خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسىغا دائىر تەتقىقات ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگاندىكى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «بوغدا ئامبۇلاتورىيىسى» ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، ئىسپېرما بالدۇر كېتىش، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك ۋە باشقا جىنسىي كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئامبۇلاتورىيە يەنە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، سۈننەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. «بوغدا ئامبۇلاتورىيىسى» بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ نورمال كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسى 153 - قورۇ، يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىن كۆن پېتىش تەرەپكە 300 مېتىر ماڭسىڭىز بولىدۇ.

تېلېفون: 2306919

چاقىرغۇ: 1530- 2317799، 2007667 - 126

ئالاقىلەشكۈچى: **ئەركىن ھاشىم، ئەنۋەر ئەركىن**

## ئامالسىز قېلىش

بىرمىلەن ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ دەپتۇ:
- تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ، ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىم ۋە 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلۇمنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن شۇ ۋاقىتتا ۋارقىراشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدىم.
-نېمىشقا؟ - سورىدى ساقچى.
- ۋارقىرىسام ئاغزىمدىكى ئالتۇن چىشىمنى قانداق قىلىمەن؟ - دېدى ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ.

## ئۆزىنى ئاقلاش

بىر دېھقان ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ ماگىزىننىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ كىرىشىگىلا تامغا ئېسىقلىق

كۈلكە دۇنياسى

تۇرغان سائەت ئۇن يېرىمغا بەلگە بېرىپ «داڭ» قىلىپ قالدى. دېھقان قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، پىركازچىكقا ئۆزىنى ئاقلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
- ئۇنى مەن ئۇرمىدىم، ئۇنى راستىنلا مەن ئۇرمىدىم!

## ھېچقىسى يوق

بىر دېھقان ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىشىك باقار ئۇنىڭغا دەپتۇ:
- يولداش، بىرمو بېرىڭ.
- ھېچقىسى يوق، - دەپتۇ بوۋاي ئىككىلەنمەستىنلا جاۋاب بېرىپ، - مەنمۇ ئازراق ھەسسە قوشۇۋېتەي.

## قايتىپ كېتىش

نيۇيوركلۇق تام پارىژدا ئوقۇۋاتاتتى. بىر كۈنى تام بىلەن ئاندۇل ئۇرۇشۇپ قالدى. شۇڭا ئاندۇل ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا تامغا دېدى:
-سەندىن تولىمۇ زېرىكتىم، سېنى بىرنى ئۇرۇپ نيۇ يوركقا كەتكۈزىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى.
تامنىڭ غەزەبلىرى نەگىدۇ يوقاپ، خۇشال بولغان ھالدا جاۋاب بەردى:
- ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن ھازىر قايتىپ كېتىشنىڭ راسخوتىنى قىلالماي بېشىم قېتىپ يۈرگەن ئىدىم.

## ئېشەك ۋە ئۇنئالغۇ

ئىككى ئوغرى بىر ئېشەكنى ئوغرىلاپ بازارغا

كۈلكە دۇنياسى

ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ، پۇلىغا بىردانە ئۇنئالغۇ ئاپتۇ-دە، ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ باقسا، ئۇنئالغۇدىن ھېچ قانداق ئاۋاز چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلارنىڭ بىرى غەزەبلىنىپ يەنە بىرىگە دەپتۇ:
-ئاناڭنى، ئېشەكنى ئوغرىلاپ سېتىپ ئالغان ئۇنئالغۇنىڭ چىقمىغىنىنى!
- چىقمىسا چاتاق يوق، ماگىزىنغا بېرىپ ئالماشتۇرىمىز، - دەپتۇ يەنە بىر ئوغرى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنئالغۇنى كۆتۈرۈپ ماگىزىنغا كەپتۇ. پىركازچىك يېڭىدىن سېتىۋالغان ئۇنئالغۇنىڭ بۇزۇق چىقىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ، ھەيران قاپتۇ-دە، ئۇنئالغۇنىڭ ئاۋاز قويۇش كۇنۇپكىسىنى باسقان ئىكەن، بېسىش بىلەنلا: «ئاناڭنى، ئېشەكنى ئوغرىلاپ سېتىپ، ئالغان ئۇنئالغۇنىڭ چىقمىغىنىنى» دېگەن

جاراڭلىق ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئوغرى ئۇنىئالغۇنى چۆرۈۋېتىپ قاچايلى دەپ ئويلىشىۋاتقان نەق مەيداندىلا كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپتۇ.

### قاراقچى بىلەن سېتىقچى

تارچۇق بىر يولدا بىر قاراقچى قولىغا قورال ئېلىۋېلىپ بىر سېتىقچىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالپتۇ:

- ھايات قالاي دېسەڭ 100 يۈەن چىقار.

- ئەللىك يۈەن بولسىمۇ بولامدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ، - سېتىقچى جاۋاب بېرىپ، - چۈنكى مەن قورقۇپ كەتكەچكە يېرىم ئۆلۈپ بولدۇم.

### يىغىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى

كۈلكە دۇنياسى

ئېلىپ كىنو كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئۇلار كىنوخانىغا كىرىۋاتقان ۋاقىتتا خىزمەتچى ئۇلارغا دەپتۇ:

- ئەگەر بالاڭلار يىغلاپ خاپا قىلسا، سىلەرنى چىقىرىۋېتىمىز، ئەمما پۇلۇڭلارنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىمىز.

كىنو باشلىنىپ يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئېرى ئايالىغا دەپتۇ:

- سىزنىڭچە بۇ كىنو قانداقراقكەن؟

- مەن ئەزەلدىن بۇنداق ناچار كىنو كۆرۈپ باقمىغان، - دەپتۇ ئايالى جاۋاب بېرىپ.

- مەنمۇ شۇنداق، - دەپتۇ ئېرى، - شۇڭا بالىمىزنى ئويغىتىپ، دەرھال ئۇنى يىغلىتايلى!

### ئۈرەك قارىغۇسى

بىر لۈكچەك قولىغا پىچاق ئېلىپ، بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆي ئىگىسىگە تەھدىت سالپتۇ:

- ۋارقىرىما، ئەگەر ۋارقىرايدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن.

-كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتەلمەيسەن، - دەپتۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى قورالنى تەڭلەپ تۇرۇپ ھېلىقى لۈكچەككە، - چۈنكى ئۇ ئۈرەك قارىغۇسى.

### ۋېيۇسكىدىن پايدىلىنىش

بىر ئوغرى ماگزىنغا 2 - قېتىم ئوغرىلىققا كىرىپ، تۇتۇلۇپ قالغاندا ساقچى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- ئەجەبا سەن تۇتۇلۇپ قېلىشىڭنى ئويلىمىدىڭمۇ؟

- مەن پەقەت ئىشىك ئۈستىگە ئېسىقلىق تۇرغان «يەنە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز»

كۈلكە دۇنياسى

دېگەن ۋېيۇسكىغىلا دىققەت قىلدىم، - دەپتۇ ئوغرى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

### ئوغرىنىڭ مەسئۇلىيىتى

بىر ئوغرىنى سوتچى سوراق قىپتۇ:

- مەن ئازراقمۇ چۈشىنەلمىدىم. سەن ئوغرىلىق قىلغان جايدا شۇنچە كۆپ نەرسىلەر تۇرسا، نېمىشقا شۇلارنى ئوغرىلىماي، پۇتۇنلەي پۇلغا يارىمايدىغان نەرسىلەرنىلا ئوغرىلىدىڭ؟

- سوتچى ئەپەندىم، - دەپتۇ ئوغرى جاۋاب بېرىپ، - مەن ئوغرىلىغانلىرىمنى يەپ تۈگىتىپ بولالماي، ئېشىپ قالغانلىرى مانا مۇشۇلار، شۇڭا ئايالىممۇ مەندىن مۇشۇ توغرىلىق دائىم خاپا بولاتتى. سىز يەنە مېنى شۇنداق دەپ تەنقىدلىگىلى تۇردىڭىزغۇ؟! (08)

(ياسىنجان ئوسمان. ت)

# «باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى بىلەن بىللە نەشردىن چىقتى .

ئىنگلىز تىلى نۆۋەتتە خەلقئارا ۋە كەلگۈسىدە يۈزلىنىشتە بىلمىسە بولمايدىغان دۇنياۋى چوڭ تىل بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان كەڭ ھەۋەسكارلارنىڭ تەلىپى بويىچە سىنگاپور تىنچ ئوكيان تەشرىياتچىلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن دۆلەتلىك مائارىپ نەسرىياتى بىرلىشىپ نەشر قىلغان، مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇكەممەل ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى «باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» دېگەن بىر يۈرۈش دەرسلىكنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن نەشر قىلدى. بۇ كىتابتا بىر دەرس بىر سائەت بولۇپ، ھەر بىر دەرسنىڭ مەزمۇنى «ئىنگلىزچە سۆزلىشىش»، «تىل كۆندۈرۈش مەشقلىرى»، «ناخشا ۋە سۆز ئويۇنلىرى» شەكلىدە قىزىقارلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ دەرسلىك پۈتۈنلەي كۈندىلىك تۇرمۇش سۆزلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھەر بىر سائەت دەرسنىڭ مەزمۇنى بارا - بارا چوڭقۇرلاپ بارىدۇ ھەمدە ئاسان ئەستە قالىدۇ.

ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشتە تەلەپپۇزنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، بۇ كىتابتىكى تېكىستلارغا بىر يۈرۈش ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ئىشلەندى. ئۈنئالغۇدىكى سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىنىڭ ئۆلچەملىك، توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئەنگلىيىلىك تىل ئوقۇتقۇچىسى سەللىي مەككرۇي خانىمنى ئۈنئۆلغۇدىكى دەرسلىك تېكىستىنى ئوقۇپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىك گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئۈچۈن دەسلەپكى ساۋاتىنى چىقىرىشتا ئوقۇتقۇچىسىز ئۆگىنىشكە بولىدىغان بىردىنبىر مۇكەممەل دەرسلىكتۇر.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ «باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكى بىلەن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ئىزچىل يېتەكچىلىك قىلىدۇ. «تارىم غۇنچىلىرى» ھەر ئايلىق سانىدا بۇ «باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى»نى سىزگە يېڭى مىساللار بىلەن تەكرار قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە ئىنگلىز تىلىنى ئاسان ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ يولۇققان قېيىن سوئاللىرىغا ژۇرنالدا جاۋاب بېرىدۇ. «باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنگلىز تىلى»نى ئىزچىل ئۆگەنگۈچىلەرنى ھەر مەۋسۇمدە بىر قېتىم بىر تۈتاش ئىمتىھانغا تەشكىللەيدۇ. يىلدا بىر قېتىم ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

«باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ھازىر ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا ئىنگلىز تىلى دۇنياۋى چوڭ تىل. بالىگىزنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىگە مەدەت بېرىڭ. بالىگىز دۇنياغا يۈزلەنسۇن، كەلگۈسىگە يۈزلەنسۇن.

**شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى**



# ئاخبارات سېپىدىكى تۆھپىكار

★ ئىپتىخار ئېلى ★

ھەر قانداق ئىنسان ئۆز ساھەسىدە قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈكۈپ، قىسىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان قەيسەرانە روھ بىلەن تىنىمسىز ئىزدىنىدىغانلا بولسا قىسقىغىنە ھاياتىدا ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى يارىتىپ شەرەپ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى سۇرئەت ياسىن پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقان ئەنە شۇنداق تۆھپىكار ئاخبارات خادىمىدۇر.

سۇرئەت ياسىننىڭ ياشلىق باھارى راسا بەرق ئۇرۇۋاتقان يىللاردا سولچىل سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر تارىمغا سۈرگۈن قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ئاقسۇ 1 - دىۋىزىيە 3- تۇەنىدە دېھقان بولۇپ ئىشلىدى. 1981- يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ دەسلەپتە ئاخبارات سۈرەتچىلىكى، ئاخبارات ئوپېراتورلۇقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1989 - يىلدىن باشلاپ سۇرئەت ياسىن رەسمىي ئاخبارات مۇخبىرى بولۇپ مۇستەقىل ھالدا پروگramma ئىشلەشكە كىرىشتى.

1992 - يىلى سۇرئەت ياسىن 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت، بايىنغولىن، قىزىلسۇ قاتارلىق ئىككى ئوبلاستىتىكى 56ناھىيە، 100دىن ئارتۇق يېزىنى زىيارەت قىلدى. ئىنتېزلارنى، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى، يېزا- بازار كارخانىلىرىنى ئارىلىدى، دېھقانلار بىلەن پىكىرلەشتى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتەك قەيسەرلىكى ھەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشتەك جاسارىتى سۇرئەت ياسىننى ئاپپاراتنىڭ كۆزىنى دەل كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلارغا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىغا، قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارغا ۋە ئىلغار تىپلارغا توغرىلىشقا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زور تەسىرگە ئىگە 196 خەۋەر ۋە تەپسىلىي خەۋەر ئىشلەپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 30 نەچچىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. «جاھان كەزگەن تەۋەككۈل كىشىلىرى»ناملىق تەپسىلىي خەۋەر ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە ماقالىلىرىنى باھالاشتا ئايرىم- ئايرىم 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

سۇرئەت ياسىن يىلدا بىر كېلىدىغان ھېيت، بايرام شۇنداقلا ئادەتتىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كۆپىنچە

سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چەت رايونلاردا، ئاساسىي قاتلاملاردا مۇخبىرلىق قىلدى. 1994 - يىلى 1- ئاي دەل شىنجاڭ چارۋىچىلىقىدا ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، زىياننى ئازايتىشتىن ئىبارەت ھالقىلىق پەيت ئىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق بازىسى بولغان ئالتاي رايونىدا دەھشەتلىك قار ئاپىتى يۈز بەردى. 30نەچچە چارۋىچىلىق نۇقتىسى، 500مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ۋە 100دىن ئارتۇق چارۋىچى قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. سۈرئەت ياسىن ئاپەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكى بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغا قارىماي دەرھال ئاتلاندى. ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى چۆل - جەزىرىگە تارقالغان بولۇپ بوران دەھشەتلىك ھۇۋلايتتى. نۆلدىن تۆۋەن 47 سېلسىيە گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن چارۋىچىلار پات - پات ئۇچراپ تۇراتتى. لېكىن بۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. سۈرئەت ياسىن سوغۇققا قارىماي ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەينەن سۈرەتكە ئالدى. قورساقلىرى ئاچسا قۇرۇق نان يېدى، ئۇسسىسا سوغۇق سۇ ئىچتى، ئۇيقۇسى كەلسە چارۋىچىلارنىڭ ئاددىي كىگىز ئۆيىدە ئۇخلىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ تەھرىرلەرنىڭ ياردىمىدە بەش پارچە خەۋەرنى كۆرستىشكە بەردى. خەۋەر كۆرستىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى.

سۈرئەت ياسىننى چەت رايوندىكى دېھقانلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى «دېھقان مۇخبىر»دەپ ئاتىۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ خەۋەر قىلىش نۇقتىلىرى ئاساسەن ئارقىدا قالغان يېزىلار، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە ھەمىشە يېزىدا، دېھقانلار ئارىسىدا زىيارەت ئېلىپ باردى. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بازىلىرىنى، كەڭ دېھقان ئاممىسىنىڭ ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنى يېڭىپ ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشتەك جاسارىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەۋەرلەرنى ئىشلىدى. 1996- يىل 7- ئاينىڭ 21 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسى دەھشەتلىك كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا ئۇ سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ نەق مەيداندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇۋاتقان قەيسەرانە ئىش-پائالىيەتلىرىنى، بىر - بىرىنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋاتقان قېرىنداشلارچە مېھىر - مۇھەببىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئېلىپ خەۋەر قىلدى. دەل شۇ چاغدا دەھشەتلىك كەلكۈن يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئېقىتىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. بىراق ئۇ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، كەلكۈن ئاپىتىنى سۈرەتكە ئېلىشنى داۋاملاشتۇردى.

«ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، 1991 - يىلى ئۇ ئىشلىگەن «توققۇزتاق ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلە ۋاقتىدا ھەل قىلىنىپ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى»دېگەن خەۋەر مەملىكەت بويىچە «خۇاڭخې لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1992- يىلى «رايونىمىزنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى تەمىنلىنىشى ياخشى»دېگەن خەۋەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇ يىلى يەنە «ئىلمىي يەر تېرىشنىڭ پېتەكچىسى»ناملىق خەۋەر شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1995- يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ تارقاتقان يېزا ۋە دېھقانلارغا دائىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1994 - يىلى 7 - ئايدا 4 - قېتىملىق جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1994 - يىلى «خىسلەتلىك ئادەملەر»ناملىق خەۋەر شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. سۈرئەت ياسىن يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرىگە ئاساسەن 1993 - ۋە 1995- يىللىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ ھازىر ئاخبارات سەزگۈرلۈكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ ئاساسىي قاتلاملاردا داۋاملىق مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.(02)

# يېڭى مۇھىت ۋە ماسلىششچانلىق

★ سىدىق يۈسۈپ ★

ماسلىششچانلىق دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ يېڭى مۇھىتتا سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىت بىلەن تونۇشۇش، مۇھىتقا ماسلىشىش، مۇھىتتىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىكى بىر خىل ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ماسلىششچانلىق ئىقتىدارى قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان مۇھىت ئىچىدە ياشاش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە زور بولىدۇ. ھەتتا ناچار شارائىت ئىچىدىمۇ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، قولىدىن نى - نى ئىشلار كېلىدىغان ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. بولۇپمۇ ياشلار مەكتەپتىن جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، قانداق مۇھىت، قانداق يېڭى ئەھۋاللارغا بولۇقىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئەگەر شۇ ياشنىڭ ماسلىششچانلىق ئىقتىدارى ناچار بولىدىغان بولسا، ئالاھىدە مۇھىتتا پۇت تىرەپ تۇرالىشى، ئالغا ئىلگىرىلىيەلىشى قىيىن بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتالىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئۆزىدە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

**1. ئۆز ئارزۇسىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش.** كىشىلەرنىڭ يېڭى مۇھىتقا قارىتا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ناچار بولۇشى، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئىشتىن بۇرۇن يېڭى مۇھىت، يېڭى ئورۇنغا ھەددىدىن زىيادە ئۈمىد باغلىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئارزۇ - نىشانلىرى بويىچە رېئال مۇھىت بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىككىسى ئۆز-ئارا ماسلىشالماي، ئۇلاردا ئۈمىدسىزلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، ھەممە نەرسە كۆڭلىگە ياقمىغاندەك بىلىنىدۇ. بۇلار مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، رېئال مۇھىت بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ. بولۇپمۇ ئەمدىلا مەكتەپ بوسۇغىسىدىن چىققان ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەزەرىيىۋى بىلىملەر بولغانلىقتىن، جەمئىيەتنى ھەممە نەرسىسى تەل، ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار مۇشۇ ئارزۇلىرى بىلەن تۇرمۇشقا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، ئوتتۇرىدىكى پەرقنىڭ بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ھەممىدىن ئاغرىنىدۇ، ھەممىدىن نارازى بولىدۇ، ھەتتا شۇ تۈگشىپ كەتكەنچە قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆڭۈلگە پۈككەن ئارزۇنىڭ زىيادە يۇقىرى بولۇپ كېتىشىمۇ يېڭى مۇھىتقا قارىتا ماسلىشىپ كېتەلمەسلىكتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.



شۇڭلاشقا، بىز ئارزۇلىرىمىزنى رېئاللىققا بويسۇندۇرغان ئاساستا مەسىلىلەرنى كۆزىتىشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى رېئاللىققا ماسلاشتۇرالايمىز. شۇنداقلا ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئۈمىدىمۇ زور بولىدۇ.

**2. مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىمىزنى چەكلەپ، تەشەببۇسكار بولۇشىمىز لازىم.** بىر ياش ئالىي مەكتەپنى

• پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر شىركەتتە ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنغان، ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپلا شىركەتنىڭ يوقلىما قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق ئىكەنلىكىنى، بىر مىنۇت كېچىكسە شۇ ئايلىق مۇكاپات پۇلىنى تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇيلاپ، بۇنداق قىلىش ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ ھېس قىلىپ، بۇنىڭغا چىدىمىغان، كېيىن ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەپ، ئۆز- ئۆزىگە سوئال قويۇپ كۆرگەن، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان تەرتىپسىز تۇرمۇش كەچۈرۈپ، سۆرەلمىلىك ئادىتىگە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا بۇ خىل زامانىۋى باشقۇرۇش شەكلىگە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنى، مەسىلىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتتا بولماي، بەلكى ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئىدىيىۋى تونۇش ئۆسكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئاڭلىق يوسۇندا چەكلەپ يېڭىچە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ تەلەپلىرىگە تىرىشىپ ماسلاشقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىدە ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان بىر خىل يېڭى ئادەتنى تېزلا شەكىللەندۈرگەن.

يۇقىرىدىكى ئەمەلىي مىسال بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، يېڭى مۇھىتقا قارىتا، بىز ھەرگىزمۇ شەخسىي نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس، ئۆزىگە پايدىلىق بولۇشنى ئۆلچەم قىلىپ، ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا بېرىش پوزىتسىيىسىدە بولماي، بەلكى ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىش نۇقتىئىنەزەرى ۋە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن رېئاللىققا مۇھىتقا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

**3. سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئاكتىپ، پائالىيەتچان بولۇش لازىم.** ئالىي مەكتەپنىڭ سىمسىز رادىئو كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچى يېڭى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن رەھبەرلىك ئۇنى توك ئىشلىرى رېمونتچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، بۇ بىر كارخانا ئورنى بولۇپ، رەھبەرلىكتىن تارتىپ ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرگىچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغانلىقتىن، زىيالىيلارغا بىر قەدەر ئېتىبار بەرگەن. ئۇ بۇ خىل پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كۆرۈلگەن تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. تەشەببۇسكارلىق بىلەن زاۋۇت باشلىقىغا ئۆزىنىڭ ئۇسكۇنە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، زاۋۇت باشلىقى تېخى مەخسۇس راسخوت ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا مەدەت بەرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىر نەچچە تۈرلۈك كەشپىياتنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ تالانتى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىپ دەرىجە ئاتلىتىپ ئىنژېنېرلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن يەنە بىرمىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىماي قالغان. ئۇنىڭمۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن كەسپى ھازىر ئىشلەۋاتقان خىزمىتى بىلەن ماس كەلمىگەچكە، خىزمەتتە خاتىرجەم بولالماي يۆتكىلىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىدىغان ئورۇن تاپالماي، كۆڭۈلدىكى قاپاقلىرى ساڭگىلاپ مەيۈسلىنىپ، ھېچ ئىش قىلغۇسى كەلمەي، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن، رەھبەرلىك ئۇنىڭغا تەنقىد - تەربىيىمۇ بەرگەن، ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىنكاسىمۇ ياخشى بولمىغان، ھەش - پەش دېگۈچە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن. لېكىن ئۇ كەسپتە ھېچقانداق نەتىجە يارىتالماي، ئادەتتىكى تېخنىك ئىشچى بولۇپ قېلىۋەرگەن.

يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرما شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەرقانداق مۇھىتتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاكتىپ ئامىللار بولغان بولىدۇ، ئۇ پەقەت سىزنىڭ ئۇنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭىزغا باغلىق، ئەگەر سىز شۇ پايدىلىق ئامىللارنى تۇتۇپ ئۆزىڭىز ئۈچۈن پايدىلانسىڭىز، سىز يېڭى مۇھىتقا تېزلا ماسلىشىپلا قالماي، بەلكى كەسپىي خىزمىتىڭىزدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. (09)

# توي كىيىمى ۋە ھەشەمەتلىك ماشىنا قىزغىنلىقى

★ ئابدۇرېھىمجان قاسىم ★

نۆۋەتتە توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىز بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي قىز يۇقىرى باھادىكى مەخسۇس توي كىيىملىرىنى كىيىش. يىگىت ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلارنى كۆپلەپ ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ھادىسىسى كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، توي چىقىمىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولماقتا.

توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا قىزلارنىڭ توي كىيىمى كىيىشتىكى ئادىتى ئەڭ دەسلەپتە ياۋروپا ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن. ھازىر بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت مىللىتىمىز قىزلىرىنىڭ توي قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. يىگىتلەرمۇ قىز يۆتكەشتە ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلارنى قانچە كۆپ ئىشلەتسە، يۈز - ئابرويى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دەيدىغان خاتا كۆز قاراشنى ئۆرنەك قىلىۋېلىپ ماشىنا ئىشلىتىشتە ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، ھەتتا يوشۇرۇن مۇسابىقىلىشىپ ئاتا - ئانىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور بېسىمغا دۇچار قىلىۋاتىدۇ. بۇلتۇر بىر دوستۇمنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى، تويدىن بۇرۇن بۇ دوستۇم ئاتا - ئانىسىدىن قىز يۆتكەش ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلارنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. بىچارە دادا ئوغلىغا تەربىيە بېرىشكە تەمشىلىۋېدى، دوستۇم دەرھاللا: پالانى تويدا قىز يۆتكەش ئۈچۈن مانچە ماشىنا ئىشلەتكەن، مەن شۇنىڭدىن قالامتىم، ناۋادا كىچىك ماشىنا ئىجارىگە ئېلىشىمغا قوشۇلمىساڭلار سىلەردەك ئاتا - ئانام يوق، دېدى. كېيىن ئاڭلىسام قىزمۇ بىچارە ئاتا - ئانىسىغا پالانىنىڭ قىزى تويدا مۇنچە پۇللۇق توي كىيىمىنى كىيىپتۇ، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن گەپ بار، مەنمۇ چوقۇم شۇندىقىنى كىيىمەن، دەپ بىر مۇنچە پۇل خەجلەتكۈزۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن



ئۆتمەي دوستۇمنىڭ ھەشەمەتلىك توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قورغان ئائىلىسى خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك غايىب بولدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ خەجلەپ بەرگەن پۇلغا قانائەت قىلماي، يەنە نەچچە مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ ئالتۇن جابدۇق، رېستوران ۋە كىچىك ماشىنا قاتارلىقلارغا ئىشلەتكەن ئىكەن. تويدىن كېيىن، دوستۇم قەرزنى قايتۇرالماي ئايالى بىلەن كۆپ قېتىم ئارازلىشىپ قېلىپ ئاقىۋەت ئاجرىشىپ كەتكەن.

توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا قىزلارنىڭ توي كىيىمى كىيىشى، يىگىتلەرنىڭ كىچىك ماشىنىلارنى كۆپ ئىشلىتىشى بىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز جۈملىسىدىن ئەمەس. ئەمما شۇنىمۇ بىلىپ قويۇش زۆرۈركى، توي - تۆكۈن ئىشلىرى ئىسراپچىلىق قىلىنماي ياخشى ئۆتكۈزۈلسە ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئارىمىزدا شارائىتى ياخشى كىشىلەر زادى قانچىلىك؟ ئۇلار ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەردۇر. كۆپچىلىك يەنىلا

نامرات ۋە ئوتتۇرا هال سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇلارنى قانداقمۇ كاپىتالىستىك ئەللەردىكى يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىدىغان قىلىقلارغا سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ؟ ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ نۇقتىنى ئەستايىدىل ئويلاپ بېقىشى لازىم. بىز بۇ خىل «مودا»نى نامراتلىقتىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ بولالمىغان مىللىتىمىز ئارىسىدىن بالدۇراق سۈپۈرۈپ تاشلىمساق بولمايدۇ.

مەن بۇلتۇر كوللېكتىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزگەن 26 جۈپ ياشنىڭ ئىچىدىكى بىر دوستۇم بىلەن بۇ جەھەتتە سىرداشتىم، دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار تويدىن ئىلگىرى ئىقتىساد مەسىلىسىدە قاتتىق بېشى قېتىپ تۇرغاندا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كوللېكتىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بارغان. دوستۇم بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇرغان. توي ناھايىتى ئاددىي - ساددا، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەچكە، ھەممەيلەن خۇشال بولغان. تويدىن كېيىن ئۇلار يىققان پۇللىرى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بىر يۈرۈش ئۆي ۋە زۆرۈر لازىمەتلىك ئۆي - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىۋالغان. ئۇلار، توينى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش ھەقىقىي بەخت ئەمەس، ھەقىقىي بەخت تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىدا، دەپ قارايدىكەن. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى بارلىق ياشلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. كەڭ ياشلار توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا نورمىدىن كۆپ ماشىنا ئىشلەتمەي، ئادىتىمىز بويىچە ياسىنىپ، توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار، ئالدىن بېيىغانلار، خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى بارلار، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، دىنىي زاتلار باشلامچى بولۇشى لازىم. ئەگەر بىز تىرىشىدىغانلا بولساق، توي - تۆكۈن ئىشلىرىمىزنى ئاددىي- ساددا ئۆتكۈزۈشنى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇپ زېمىنىمىزدىكى ئېغىر يۈكتىن ۋە روھىي ئازابتىن قۇتۇلالايمىز.(07) (ئادىل ئىسمائىل فوتوسى)

## دۇنيادىكى تەنتەربىيە بايراملىرى

فرانسىيىنىڭ تەنتەربىيە بايرىمى ھەر يىلى 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام دەسلەپتە فرانسىيە دۆلەتلىك يۇرەك كېسىلى ئىلمىي فوندى جەمئىيتى ئۇيۇشتۇرغان «يۇرەك كېسەللىكلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن يۈگۈرەيلى» دېگەن پائالىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن باشلانغان. كېيىن قاتناشقانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تەنتەربىيە بايرىمىغا ئايلانغان.

گېرمانىيىدە ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پۇتبول، ۋالىبول، ۋېلسىپىت، موتسىكلىت توسالغۇسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ياش پەرقى، جىنسىي ئايرىلمايدۇ. مۇسابىقىلەشمەيدۇ، نەتىجىسى يېزىلمايدۇ.

سىنگاپوردا 1995 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى تەنتەربىيە بايرىمى، دەپ بەلگىلىگەن بولۇپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىر ئاي داۋاملىشىدۇ.

كۇۋەيتتە 1974 - يىلىدىن باشلاپ، ئەھمەد ئۆلكىسىدە بىر قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ «ئەھمەد» تەنتەربىيە بايرىمى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بايرامدا ياش پەرقى، دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىلمايدۇ، ئىسمىنى تىزىملىتىپ قاتناشسا بولۇۋېرىدۇ.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياپونىيىنىڭ تەنتەربىيە بايرىمى، مۇشۇ بىر كۈندە ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مول مەزمۇنلۇق تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. قاتنىشىدىغانلار تەخمىنەن 10 مىليون كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.(05) (ئابدۇرېشىت . ت)



## «سۈنئىي يەر شارى»نىڭ مەغلۇبىيىتى

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىلىقلار يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئايلىنىشىغا بولغان تونۇشىغا ئاساسەن، ئىنسانىيەتنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بېپىق ھاياتلىق چەمبىرىكى ئارقىلىق ئۇزۇقلۇق ۋە ھاۋاغا ئېرىشىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلار يەر شارىغا تەقلىد قىلىنغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە يەر شارىغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان سۈنئىي يەر شارىنى يارىتىش ئۈچۈن 200 مىليون دوللار سەرپ قىلىپ، 1989 - يىلى «سۈنئىي يەر شارى» تەجرىبە قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان.

بۇ تەجرىبە قۇرۇلۇشى تۇكسۇننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ كۋادرات مېتىر. سىرتى غايەت زور پولات جاھازلىق ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ ئىچىگە تۇرمۇش رايونى، زىرائەت رايونى، ئىسسىق بەلباغ رايونى، تۆزلەڭلىك، دېڭىز - ئوكيان رايونى، ساسلىق رايونى ۋە قۇملۇق رايونى قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەگەر «سۈنئىي يەر شارى» ئىچىگە نەزەر سالسىڭىز، تەبىئەت دۇنياسىغا تامامەن ئوخشايدىغان گۈزەل مەنزىرىلەردىن، قويۇق ئۆسكەن ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىرىدىن، سۈنئىي تاغ تىزمىلىرىدىن، قويۇق بۇلۇتلاردىن ھوزۇرلىنىپلا قالماي يەنە قىلورىداشتىكى چوڭ ساسلىق مەنزىرىسىگە ئوخشايدىغان سىرلىق مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنالايسىز. مېكسىكىنىڭ «ئېزىتقۇ قۇملۇق»قىغا ئوخشايدىغان غەيرىي مەنزىرىلەر يىگىچە تويغۇ ئاتا قىلىدۇ، سەل يىقىنراق بارسىڭىز دېڭىز ئاستىدا ئۈزۈۋاتقان بېلىق توپلىرىنىڭ مارجان خادا تاشلىرى ئەتراپىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. بۇ يەردە يەنە گۈل ۋە ئوت - چۆپلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر، مال - ۋارانلار، بېلىقلار بولۇپ جەمئىي 3800 خىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات بار.

«سۈنئىي يەر شارى» قۇياش نۇرى ۋە ئېنېرگىيىنى سىرتتىن قوبۇل قىلغاندىن باشقا، يېمەك - ئىچمەك، تۇرار جاي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىچىدىن تەمىنلىنىدۇ، بۇ يەردە سەككىز ئائىلىلىك ئادەم بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت ئاسراش تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئېكولوگىيىلىك شارائىتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئەپسۇسكى ئەمەلىيەت بۇ گۈزەل چۈشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ناھايىتى تەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، چۈنكى «سۈنئىي يەر شارى» بەرپا قىلىنىپ ئىككى يىلغا يەتمىگەن

ۋاقىت ئىچىدە، بۇ يەردىكى 25 خىل ئۆمۈرتقىلىق ھايۋاندىن 19 خىلى ئۆلۈپ قالغان، ھەسەل ھەرىسى، سۇمرۇغ ۋە باشقا گۈل چېچىكى تارقىتىدىغان ھاشاراتلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يوقاپ كەتكەچكە، گۈل بەرگىگە تايىنىپ كۆپىيىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ تۈگەپ، ھەشقىپىچەكلەر پىلەك تارتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكۈل ئەتراپىنى قارا چۈمۈلە قاپلاپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئوكسىگېن مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن. مەسىلەن، 1993 - يىلى 1- ئايدا ئاتموسفېرادىكى ئوكسىگېن مىقدارى % 21 تىن % 14 كە چۈشۈپ ئېگىز تاغنىڭ شالاڭ ھاۋاسىغا ئوخشاپ قالغاچقا، تەتقىقاتچىلار ئىنتايىن چارچاش ھېس قىلغان. ئۇلتىرا بىنەپشە نۇرنى ئەينەك توسۇۋالغاچقا، زەھەرلىك گازلار ھەممە يەرنى قاپلاپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ مېڭىسنى زەخىملەندۈرگەن، ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالالمىغاچقا سەككىز ئائىلىلىكنىڭ قورسىقىنىمۇ تويغۇزالمىغان، ھەتتا بىر خادىمنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 117 كىلوگرامدىن 67.5 كىلوگرمغا چۈشۈپ قالغان. ئالىملار بۇنىڭدىن ھازىرقى پەن - تەتقىقات سەۋىيىسىدە، يەر شارىغا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان «ئىككىنچى يەر شارى»نى بەرپا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

ھازىر «ئىككىنچى يەر شارى»دا تۇرىدىغان ئادەم يوق، بۇ يەر كىشلەر ساياھەت قىلىدىغان، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلانغان.

ئەپسۇسكى، بۇگۈنكى كۈندە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن «سۇنئىي يەر شارى»دا يۈز بەرگەن ئىشلار يەر شارىدىمۇ يۈز بەرمەكتە، مەسىلەن: كىلىماتنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، تۇرلەرنىڭ بارغانسېرى ئازلىشى قاتارلىقلار.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئىنسانلار تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئاسرىغانلىقى بىلەن باراۋەر. (05)

(«خەلق گېزىتى»نىڭ 7 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

## مەدەنىيەت ۋە بىلىم

بەزىبىر ئامىللار ئاياللارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە، يەنى كىيىم - كېچەك تاللاش ئۇسۇلىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ ئامىللار ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە بىلىم دەرىجىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى تەربىيە كۆرگەن ئاياللار يېڭى پاسوندىكى كىيىم - كېچەك ياكى «ھازىرقى زامان مودا»لىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ، يۈز - كۆزلىرىگىمۇ ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، چاچ شەكلىنى كۈندە بىر ئۆزگەرتىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار نۇرغۇنلىغان باشقا ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشنى پەردازلاشتىن كۆپ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۇ ئالاھىدىلىكلەر ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

يەنە كېلىپ، ئۇلار تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان باشقا نەرسىلەرنىڭ، گۈزەللىك قوغلىشىشقا قارىغاندا تېخىمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، سۆز - ھەرىكەتلىرى، تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، مىجەز - خاراكتېرى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئەرلەرنىڭ قەلبىدە قالدۇرىدىغان تەسىرى، ئاياللارنىڭ نەزەرىدىكى رەڭ، چاچ شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، ئۇزۇن كۆڭلىكنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت بۇ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ.(04)

(سەمى تەييارلىغان)

# كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر

★ رۇقىيە كېۋىر ★

ھەر بىر ئادەم كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئائىلىدە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ئاتا - بالىلىق، ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەت، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئىدارىدە بولسا، خىزمەتداشلىق مۇناسىۋەت، كەسىپداشلىق مۇناسىۋەت، رەھبەرلىك قىلىش بىلەن قىلىنىش مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. ھەتتا ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرگەندىمۇ، ماگىزىنلارغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى بارغاندىمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. قىسقىسى، كىشىلەر تۇرمۇشتا، خىزمەتتە، ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىتتا تۈرلۈك كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەت — كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئالاقىلىرىدە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان، مەلۇم ۋاستە ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆز ئارا تايىنىپ مەۋجۇت بولىدىغان مۇناسىۋەت. بۇ مۇناسىۋەت كىشىلەر تەپەككۇرىدىكى ئادەتتىكى مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئالاقە جەريانىدۇر. ھەر قانداق خاراكتېردىكى، ھەر قانداق شەكىلدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىدىن شەكىللىنىدۇ ۋە مۇشۇ ئالاقە ئارقىلىق ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. كىشىلىك ئالاقە بارلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى ئالدىنقى شەرت.

كىشىلىك ئالاقە — بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت، شۇنداقلا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت جەريانىدۇر. ئۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ بېرىپ كېلىشى، مۇناسىۋەتلىشىشى، تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت. كىشىلىك ئالاقە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئىپادىلىنىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋاستە. كىشىلەر ئالاقە ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، كىشىلەر ئۆز ئارا ئالاقە قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر ئادەملەر ئارىسىدا ئالاقە بولمىسا، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ



شەكىللىنىشى ئۈچۈن، ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تونۇشۇش، بېرىپ - كېلىش، چۈشىنىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، مۇھەببەتلىشىش ۋە توي قىلىش دېگەندەك بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك، ئاندىن بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىشقا ئاشىدۇ. يەنە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالساق، ئۆگىتىش بىلەن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت پائالىيەت جەريانىنى باشتىن كۆچۈرۈش كېرەك، ئاندىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. دېمەك، كىشىلىك ئالاقە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدىغان بېتەرلىك شەرت.

كىشىلىك ئالاقە قانداق قىلىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ؟ بۇنىڭدا تىل ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. تىل كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاستىسى، تىل تەپەككۇرنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل، تەپەككۇر تىل ئاقىلىق ئەكس ئېتتىدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇن، تەپەككۇر ئېنىق بولسا تىلمۇ ئېنىق بولىدۇ. تەپەككۇر قالايمىقان بولسا تىلمۇ قالايمىقان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تىل ئالاقىسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش - بولماسلىقى تەپەككۇرنىڭ ئېنىق، توغرا بولۇشىغا باغلىق. يىغىپ ئېيتقاندا، كىشىلىك مۇناسىۋەت تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ ياردىمى ئاساسىدىلا شەكىللىنەلەيدۇ.

ئادەم ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانۇنىيەتنى بىلىش، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش كېرەك. بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ جەريان، ئۇنى مۇنداقلا كۆزىتىش ۋە ھېسسىي بىلىش باسقۇچىغا تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تىل ئارقىلىق ئىدىيىنى ئىپادىلەش جەريانى لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئايرىلمايدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر بولمىسا بولمايدۇ. ئۈنۈملۈك بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئوبيېكتنى بىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن لوگىكىلىق تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

كىشىلىك مۇناسىۋەت چىگىش، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشىمۇ چەكسىز بولىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئالاقە جەريانىدا ئىگىلەش قىيىن بولغان ئامىللارغا، يەشمەك تەس بولغان سىرلارغا دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى كىشىلىك ئالاقىدە، ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە خاس بولغان ئىدىيە، ھېسسىيات، مۇددىئا - مەقسەت ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەر بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا پەقەت ئېيتقىلى بولمايدىغان سىرلىرى بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بولغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى كۆپ ھاللاردا بىردەك بولمايدۇ. ئەمەلىي ئىپادىسى بىلەن ھەقىقىي مۇددىئاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك، كىشىلىك ئالاقىدا ئىشىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بىلمەك بەكلا قىيىن. بۇنىڭ ئۈچۈن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىپ، چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىچكى سىرنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. گەپ - سۆزنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، ئەمەلىي ھەرىكەتنى كۆزىتىشكىمۇ ماھىر بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا مۇناسىۋەت ئوبيېكتىنى تولۇق چۈشەنگىلى، ھەقىقىي كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەققىدە توختالغاندا، ئىككى كىشىنىڭ ئالاقىلىشىش مۇھىتىنى مۇنداق تەھلىل قىلغان: A كىشى بىلەن B كىشى ئالاقە قىلغاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى ئىككى ئادەمنىڭ ئالاقىسى بولماستىن، بەلكى ئالتە ئادەمنىڭ ئالاقىسى بولىدۇ. چۈنكى A كىشى B كىشى بىلەن ئالاقە قىلغاندا ئۈچ ئادەمگە ئايلىنىدۇ. يەنى ئەمەلىيەتتىكى A كىشى، ئۆز ئېڭىدىكى A كىشى ھەم B كىشىنىڭ تەسىراتىدىكى A كىشى (ئەمەلىيەتتىكى A كىشى بىلەن B كىشىنىڭ تەسىراتىدىكى كىشى بىردەك ئەمەس). شۇنىڭغا ئوخشاشلا B كىشىنىڭ A كىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل ئوبراز، ئۈچ خىل خاراكتېر پەيدا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى ئالتە ئادەمنىڭ ئالاقىسىگە باراۋەر بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت ئادەمنى خېلىلا ئويلاندۇرىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى چۈشەنگەندىلا قارشى تەرەپنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەسلى دەرس ئۆتۈش مېتودى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، ئەمما، ئۇ ئۆزىنى دەرسنى ياخشى ئۆتمەن دەپ ئويلايدىكەن، ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ دەرسىمنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ دەپ قارايدىكەن. دېمەك ئۇنىڭ مۆلچەرى ئەسلى ئۆز سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغان. بۇ ئۇنىڭ ئەسلى ئۆزى بىلەن ئۆز ئېڭىدىكى ئۆزىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ، دەرس سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا قارىماي، دوسكىغا قاراپ سۆزلىگىنى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا سوغۇق تۇيۇلغان. بۇ بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ ئېڭىدىكى ئۆزىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىش، ئۆزى ئالاقىلىشىدىغان ئوبيېكتنى ھەقىقىي چۈشىنىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا تەھلىل قىلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس.

بىر خىل مۇرەككەپ ئەھۋالنى چۈشىنىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە يېتىش ئۈچۈن، لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىش كېرەك. لوگىكىلىق تەپەككۇر — كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىك پائالىيەتلىرى شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تونۇش جەريانىدىكى ئەقلى بىلىشىدۇر.

كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆپ خىل پەنگە تۇتىشىدىغان ئىلىم. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىلمى جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، قائىدەشۇناسلىق، نۇتۇق مۇناسىۋىتى ئىلمى، كىشىلىك پەلسەپىسى قاتارلىق پەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلىمنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تەتقىقات نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ. ھەل قىلىدىغان مەسىلىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئادەم بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قانۇنىيىتى ۋە ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئىلىم كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

لوگىكا ئىلمى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورال. شۇڭا بىز لوگىكا ئىلمىنى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى دەپ قارايمىز.

لوگىكا تەپەككۇرنىڭ شەكلى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان قورال. بىلىش قورالى بولغان لوگىكا كىشىلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدا توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. تەپەككۇر قورالى بولغان لوگىكا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى توغرا ئىپادىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. كىشىلىك ئالاقىدە پەقەت ئادەملەرنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئىدىيىنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگەندىلا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. بولمىسا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى نورمال ئالاقىگە تەسىر يېتىدۇ ھەتتا كىشىلىك مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداق دېگەنلىك لوگىكا پىرىنى ياخشى ئىگىلەش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى لوگىكىلىق ئامىلدىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىقتىدارىغىمۇ باغلىق. تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ ماھارەتنى ئىگىلىگەندە، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا سۆزسىز پايدىسى بولىدۇ.

(ئۆتكۈر نىجات فوتوسى)

# كالا بورداشتا ئىشلىتىلىدىغان يەم - خەشەكلەر

1 . يېرىك ئوزۇقلار: بۇ خىل ئوزۇقلۇق تەركىبىدە يېرىك تالاسى كۆپ، ھەجىمى چوڭ ئوزۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: قوناق شاخلىرى، ئاپتاپپەرەس شېخى، كېۋەز شادىسى، دادۇر ۋە شال پاخلى قاتارلىقلار، ئۇنىڭدىن باشقا كۆممىقوناق، ئاپتاپپەرەس، كېۋەز قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ غول - يوپۇرماق، قاسىراق، شاكاللىرى ھەمدە ترىپ، توپانلارمۇ يېرىك ئوزۇق ھېسابلىنىدۇ.

2 . كۆك ئوزۇق. كۆك ئوزۇق دېگىنىمىز — تەركىبىدە سۇ مىقدارى %60 تىن ئېشىپ كەتكەن يېشىل ئوت- چۆپلەردىن ئىبارەت. شىرنىلىك ئوزۇق دېگىنىمىز— تەركىبىدە سۇ مىقدارى كۆپ، شېكەر ۋە كراخمال تەركىبي ئۈستۈن بولغان تۈگۈنەك يىلتىزلىق يەم - خەشەكلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: قىزىلچا، سەۋزە، كاللەكبەسەي، بەسەي، كاۋا قاتارلىقلار.

3 . سىلوس. سىلوس دېگىنىمىز — كۆكپىشى بار كۆممىقوناق شېخى قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە يېڭى ئوت - چۆپلەرنى توغراپ سىلوس ئورىسىغا چىڭداپ بېسىپ ھەم دۇملەپ ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان ئوزۇق ھېسابلىنىدۇ.

4 . ئېنېرگىيىلىك ئوزۇقلار. ئېنېرگىيىلىك ئوزۇق دېگىنىمىز— كراخمال تەركىبي ئۈستۈن ئەمما تالا ۋە ئاقسىل تەركىبي تۆۋەن بولغان كۆممىقوناق، ئارپا، ئاق قوناق قاتارلىق يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك ئوزۇقلادىن ئىبارەت. يەنە كېپەك، گۈرۈچ شاكىلى، ئوت ئۇرۇقى، دەرەخ ئۇرۇقى، شېكەر قالدۇقى، شېكەر ھەسىلى، ترىپ، ئارزاڭ قاتارلىقلارمۇ ئېنېرگىيىلىك ئوزۇقلار قاتارىغا كىرىدۇ.

5 . ئاقسىللىق ئوزۇقلار. ئاقسىللىق ئوزۇق دېگىنىمىز — ھەر خىل پۇرچاق تۈرىدىكى ئوزۇقلار، ھەر خىل كۈنجۈت قاتارلىق ئاقسىل تەركىبي يۇقىرى ئوزۇقلاردىن ئىبارەت.

6 . مىنېرال ئوزۇقلار. مىنېرال ئوزۇقلار سانائەتتە خاس بىرىكتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇ فوسفور، كالتسىي تەركىبلىك سۆڭەك پاراشوكى، بېلىق پاراشوكى، قان پاراشوكى، پەي، قانات پاراشوكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ يەنە سېلىن، سىنىك، ماگنىي قاتارلىق كۆپ خىل مىنېرال تەركىبلىك بىرىكمە ئوزۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7 . ۋىتامىنلىق ئوزۇقلار. ۋىتامىنلىق ئوزۇقلار دېگىنىمىز — سانائەتتە بىر ياكى كۆپ خىل ۋىتامىننى ئايرىپ چىقىپ بىرىكتۈرۈپ ياسالغان ئوزۇقلاردىن ئىبارەت. لېكىن بۇ، A ۋىتامىن تەركىبي يۇقىرى سەۋزە قاتارلىقلار قوشۇلغان تەبىئي ئوزۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.(05)

«كالا بورداش تېخنىكىسى»دىن ئېلىندى



# شۆھرەتپەرەسلىكنى يېڭىشتىكى ماھارەت

تۇرمۇشىمىزدا دائىم مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ: بەزى كىشىلەر گەرچە باي بولمىسىمۇ، لېكىن پۇلداركۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەتەي ئېسىل كىيىنىپ پوزۇر ياسىۋالىدۇ؛ بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ھەتتا زوقلاندۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتىن باش تارتمايدۇ؛ ھەتتا يەنە بەزىلەر باركى، ئۆزىنىڭ دادىسىنى ساۋاقداشلىرىغا يۈز تۇرانە تونۇشتۇرۇشنى خالىمايدۇ، چۈنكى دادىسىنىڭ تەقى - تۇرقى، ئورنى سەۋەبىدىن ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. بۇ خىل ساختىلىق قىلىش ھادىسىلىرى شۆھرەتپەرەسلىك پسىخكىسىنىڭ كاساپىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شۆھرەتپەرەسلىك كىشىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولىدۇ. مۇۋاپىق دەرىجىدىكى شۆھرەتپەرەسلىك ئۆزىنى ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاشقا ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن كۈچلۈك بولغان شۆھرەتپەرەسلىك بولسا، بىر خىل خاراكتېر جەھەتتە ئاجىزلاشقانلىقتۇر، چۈنكى ئۇ سىزنى زۆرۈر بولغان تىرىشىش ۋە ئالغا ئىنتىلىشتىن بوشاشتۇرىدۇ، ئۇ سىزگە ساختىلىق بىلەن ئالدامچىلىق قىلىپ باشقىلارنى ئالداشنى ئۆگىتىدۇ، ھەتتا ئۇ سىزنى قايمۇقتۇرۇپ يامان نىيەتتە بولۇشقا باشلاپ تۇيۇق يولغا ماڭغۇزىدۇ. شۇڭا شۆھرەتپەرەسلىكنى توغرا تونۇش ھەم ئۇنى ئۈنۈملۈك يېڭىش، سىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە پىشىپ يېتىلىش - يېتىلمەسلىكىڭىزدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى.

شۆھرەتپەرەسلىكنى يېڭىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

**1. توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش.** بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆز سېزىمىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر ئادەمنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانى قانچە يۇقىرى، قانچە يىراق بولسا، ئۇ ئادەتتە شان - شەرەپ، ئورۇن دېگەنلەرگە ئانچە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بىر مەڭگۈلۈك شان - شەرەپ ئۈچۈن ياشىماستىن، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان قىممەت تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ياشايدۇ. شۇڭلاشقا ئادەم توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى



تىكلىسە، ئۇلۇغۋار كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىنى تۇرغۇزسا، بىر مەزگىللىك شۆھرەتپەرەسلىككە بەنت بولۇپ قالمايدۇ.

**2. شان ـ شەرەپكە توغرا مۇئامىلە قىلىش.** شان ـ شەرەپ بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزئارا ماس بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ ساختا بولۇپ قالىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە موھتاج، ھەم باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ھوقۇقىمىز بار، بىراق بۇ خىل ھۆرمەت قىلىش چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي تىرىشچانلىقى ئۇستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. ياخشى نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ئەستايىدىل جاپالىق ئۆگىنىش كېرەك. بولمىسا «شان ـ شەرەپ»كە ئېرىشكەن بىلەن، شەرەپلىك بولماي قالىدۇ، ناۋادا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە ئۆچ كۆرۈشىگە ئۇچرايدۇ.

**3. ئۆزىنى بىلىش.** بۇ بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزنى ۋە نەتىجىمىزنى كۆرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكىمىزنى ۋە يېتەرسىزلىكىمىزنى كۆرۈشنىمۇ، ئۆزىمىزگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئەمەلىيەتتە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي قالىدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**4. جامائەت پىكرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش.** بىز كىشىلەر توپى ئارىسىدا ياشايمىز، ھامان باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن ساقلىنالمايمىز. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بەزى پىكىرلەر توغرا، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؛ بەزى پىكىرلەر ئادىل بولماي قېلىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بىز پەرق ئېتىش قابىلىيىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ھەرقانداق ئىشتا دورامچىلىق قىلماسلىقىمىز، ئۆزىمىزدە مۇستەقىل پىكىر بولماي قېلىشتىن، ناتوغرا پىكىرلەر ئالدىدا قايمۇقۇپ يۈرۈشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بىز پەقەت ئۆزىمىزنى ھەقىقىي، توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ساختا تەرىپىنىڭ گاڭگىرىتىشىدىن ساقلىنالايمىز. (04)

(زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايت. ت)

## يىگىتلەرنىڭ كۆزى

جاكولىن مۇنداق دەيدۇ: قىزلارنى ئەڭ بەك جەلپ قىلىدىغىنى ـ ئالدى بىلەن يىگىتلەرنىڭ كۆزى، ئاندىن قالسا چىراي ئىپادىسى. ئاشۇ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئويچان كۆزلەر قىزلارنىڭ قەلبىنى تەۋرىتەلەيدۇ، ئەمما نەپسىگۇرلۇك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلەر زېرىكىشلىك بولۇپ، قىزلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ.

يىگىتلەرنىڭ قولىمۇ قىزلارنىڭ دىققىتىنى تارتالايدۇ، تومۇرلىرى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان قوللار قىزلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ، بۇنداق قول ئەمگەكچىنىڭ قولى بولۇپ، ئۇ مەردانىلىق، قەتئىيلىك ۋە ئەرلىك جاسارەتنى نامايان قىلىدۇ.

يىگىتلەرنىڭ قەلبىنىڭ گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكىگىمۇ قىزلار ھەممىشە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ پاك ياكى پاك ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئائىلىگە كۆڭۈل بېرىش ـ بەرمەسلىكى ياكى باشقا نەرسىلەرگە كۆڭۈل بېرىشى، تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەم بولۇش ـ بولماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ ئائىلىگە بارلىقىنى تەقدىم قىلالامدۇ ـ يوق؟ ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى قانداق؟ كەسپچانلىقى كۈچلۈكمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنى تويدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى ئۈستىدە ئويغا سېلىپ قويىدۇ». (04)

(سەمى تەييارلىغان)

# تەكرارلاشقا قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك

★ زەينۇرە سابىر ★

دەرس تەكرارلاش قارىماققا ناھايىتى ئاددىي ئىش. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلار بۇ مەسىلىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلار بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەش، يادا ئوقۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلىرى تۈگىسىلا، دەرسلەرنى تولۇق تەكرارلاپ بولدى دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇللار دەرس تەكرارلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇللاردۇر. لېكىن ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىلىم ئىگىلەشتە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج بولۇپلا قالماي، دەرس تەكرارلاشتىمۇ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج. شۇڭا دەرس تەكرارلىغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئامىلغا سەل قارىماسلىق لازىم.

**1. ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىش.** ھەر قانداق ئادەم بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاللايدۇ. دەرس تەكرارلاشتا ئۇسۇل بىرىنچى باسقۇچلۇق ئامىل بولغانلىقتىن، ئۆگىنىش ئۈنۈمى، ۋاقىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، چۈشىنىشنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشى قاتارلىقلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشى، توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا دىققەت قىلىپ بىر خىل ئۆلۈك ئۇسۇلغىلا ئېسىلىۋالماي، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئەقلىي قابىلىيىتىگە ئاساسەن كونكرېت ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، دەرس تەكرارلاشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**2. دائىملىق ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش.** كۈندىلىك ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى پىلانلىق ئۆگىنىشكە يېتەكلەش، قاتلام - قاتلام پىلان تۈزۈش كېرەك. پىلاننىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، پىلاننى قانداق تۈزۈش، قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتتە ئۇلارغا ئەركىن تاللاش ھوقۇقى بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىستېمىلىق، پىلانلىق، دائىملىق ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**3. چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.** زور كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار دەرس تەكرارلىغاندا ئەستە تۇتۇۋېلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، چۈشىنىشكە سەل قارايدۇ. نەتىجىدە دەسلەپتە ئەستە تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، چۈشىنىش ياخشى بولمىغاچقا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاسانلا



ئۆتۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار دەرس تەكرارلىغاندا «بۇ زادى قانداق ئۇقۇم، چۈشەنچە...» دېگەنلەرنى بىلىشتىن باشقا «بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغان...» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆگىنىش جەريانى ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارى ئەستە تۇتۇش، چۈشىنىش، لوگىكىلىق ئۇقۇم ۋە خۇلاسىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرىكەت ئىقتىدارى بولسا يېزىش، سىزىش، ئاڭلاش تېزلىكى ۋە ئەمەلىي مەشق ئارقىلىق ئۆگىنىدىغان ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئىقتىدارى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئېتىبار بەرمىگەندە يېزىش (چىرايلىق يازالماسلىق، شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش قاتارلىقلار)، سىزىش قاتارلىق ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلمىي دەرس تەكرارلاشقا يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

**5. تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش.**

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. مەسىلەن: ئاددىي بىر پارچە گېزىتنى مىسالغا ئالساق رولى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. ئۇچۇر تارقىتىش، ئېلان ئۇچۇرنى تارقىتىش، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش قاتارلىقلار. ئەگەر بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىنى ئويلاپ كۆرسەك ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ بىر ئاددىي مىسال خالاس. تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچى: ھەددىدىن ئارتۇق بويسۇنۇش ئىدىيىسىنى ئازايتىش. ھەممىمىزگە مەلۇم، تۇرمۇشتا مەيلى ئۆگىنىشتە بولسۇن بىز نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. مەكتەپتە بىر مەسىلىگە پەقەت بىر خىل جاۋاب بىلەن قانائەتلىنىمىز، لېكىن جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلاش ئارقىلىق مۇۋاپىق جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىمىز. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى دائىم چەكلىمىگە ئۇچراۋەرسە، ئۇلاردا دوگماتىزم، مەسىلىنى شەكىلدىن ئويلايدىغان، ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە قىزىقمايدىغان پاسسىپ ئىدىيە شەكىللىنىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق. ئىككىنچى: قىزىقىشقا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك. بەزىدە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بەكمۇ كۈلكىلىك سوئاللارنى سورايدۇ ياكى ئادەمنىڭ ئەقلىي يەتمىگەندەك بىمەنە جاۋابلارنى بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا مەيلى ئاتا ـ ئانا ياكى ئوقۇتقۇچى بولسۇن ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى، ئىلمىي چۈشەندۈرۈشى لازىم. چۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇن يېڭى كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق خىياللارنىڭ بېيىپ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئومۇمەن دەرس تەكرارلاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىنى ئاددىي تاپشۇرۇق ئىشلەش دەپلا قارىماسلىقى، ئۇلارغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇلارنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارىنىڭ دەرس تەكرارلاش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ توغرا يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. (08)

# يېڭى رېتسېپ

(ھېكايە)

★ رۇسۇل ئىمىن (ئۇمىدى) ★

بىلمىدىم، تېخى 24 ياشقا كىرە - كىرمەيلا ناسوس بىلەن يەل بەرگەندەك تېز سۈرئەت بىلەن سەمرىشكە باشلىدىم. بول ماڭسام ئالتاي قوشقىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چاپلاپ قويغاندەك كېلەڭسىز قورسىقىملا ئەمەس بەلكى يۈزلىرىممۇ ئۇيۇتۇلغان لەگپۇڭدەك سىلكىنىپ، ساپان تارتقان ھۆكۈزدەك پۇشۇلداپ كېتەتتىم. بەنە شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام كېيىنكى كۈنلەردە ئۆيگە كىرىۋالسام چىقالماي، چىقىۋالسام كىرەلمەي چاتاقنىڭ تېخىمۇ چوڭى چىقمىسۇن جۇمۇ دېگەنلەرنى ئويلىساملا پېشانەمدىن سوغۇق تەر قۇيۇلاتتى. بىر كۈنى ئورۇقلىتىش دورىسى ھەققىدىكى يىغقان ئېلانلىرىمنى ھېسابلاپباقسام جەمئىي 1250 پارچىگە يېتىپتۇ. قايسى بىر شەھەردىكى قايسى بىر دورا زاۋۇتىدا يېڭىدىن ئورۇقلىتىش دورىسى چىقىپتۇ دېسە شۇ زاۋۇت بىلەن دەرھال ئالاقىلىشىپ شۇ دورىدىن ئەكەلدۈرەتتىم. لېكىن ئۇ دورىلار ساختا مەھسۇلاتمۇ ياكى بولمىسا مېنىڭ بەدىنىمنىڭ ئۇنداق دورىلارغا نىسبەتەن قارشىلىق كۈچى بەكلا زورمۇ، بىلمىدىم، دورىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، بىرەر گىرام ئورۇقلاپ قالغىنىمنى ئەمەس ئەكسىچە بەدىنىمگە بىر كىلوگىرام مايىنىڭ يېڭىدىن قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى سېزەتتىم، شۇنداق بولغاچقا ئايدا بىر قېتىم كىيىم تىكتۈرمىسەم ئالدىنقى ئايدىكى كىيىملىرىم بۇ ئايغا كەلگەندە دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە ئۈستىدە كىيىۋالدىغان رېزىنكە پەلىيدەك بەدىنىمگە چىڭ كېلىپ مېنى خۇددى ھەجۋىي رەسىمگىلا ئوخشىتىپ قوياتتى.

بىر كۈنى قىز دوستۇم خاتىمە بىلەن بازار ئايلىنىپ كېتىۋاتساق، چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان 40 ياشلار ئەتراپىدىكى زىيالىي سۈپەت بىرسى كېلىپ مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۇكام، رېستورانغا كىرىپ بىرەر پىيرىمدەم پاراڭلاشساق بوپتىكەن، سىزدىن سورايدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى،- دەپ قالدى.

— ئاكا، گەپلىرى بولسا مۇشۇ يەردىلا دەۋەرسىلە، رېستورانغا كىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى،- دېدىم مېڭىشقا ئالدىراپ.

— مۇنداق ئىشتى ئۇكام، ئىككى يىلدىن بېرى بورداپ كېلىۋاتقان بەش تۇياق كالام بار ئىدى، دەڭگا، يېمەمدىكىن دېسە كۈنگە بىر چارا سامان بىلەن بەش تاغار كۈنجۈرىنى موك سوقىدۇ، لېكىنزە ھېچ سەمرەي دېمەيدۇ، ئۇ كاساپەتلەر. گېلىغا «گاچ»دە پىچاق سېلىۋېتەي دېسەم پىچاققا ئەسلا يارىمايدۇ. سېتىۋېتەي دېسەم ئۈز پۇلىغىمۇ ئالۇرمەن چىقمايۋاتىدۇ، بۇ جانىۋارلار ھازىر ماڭا بىر يۈك



بولۇۋاتىدۇ ـ دە، يوق. شۇڭا...

ـ مېنى ئەپ قويامدىكىن دېگەنمىتىلە؟

ـ ياقەي ئوكام، سىزنى ئېلىك دېمەيمەن، مەن پەقەت سىزنىڭ قانداق نەرسىلەرنى يەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ باققۇم بار.

ـ كالىلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىمنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ـ ھەي ... ي ... ي... ئوكام، ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى بار. ئاشۇ جانىۋارلار سەمرىمەي ماڭا جاپا بولۇۋاتقان كۈندىن باشلاپلا سىزگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقانىتىم دەڭا. قارىسام سىز كۈندىن ـ كۈنگە سەمرىپ كېتىۋاتىسىز، قانداق نەرسىلەرنى يەيدىغانلىقىڭىزنى دەپ بەرسىڭىزلا مەنمۇ كالىلىرىمنى شۇ ئۇسۇل بويىچە...

غەزەپ بىلەن تولغىنىپ كەتكەن مۇشتۇمۇم ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭ ئورۇق ئىزدەۋاتقان چاشقانىڭكىدەك لىكىلداپ تۇرغان شالاڭ بۇرۇتلىرى ئۈستىدىكى بۇرنىغا گالا چېچىدە تەگدى...

مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇم كەلمەيدىغان بوپ قالدى. ئاخشىمى بولسىلا كوچا ئارىلايدىغان بولۇۋالدىم. بۈگۈن ئاخشامۇ ئادەتتىكىدەك كوچا ئارىلاپ كېتىۋاتىمەن، خىلۋەترەك بىر جايغا كەلگەندە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا بىر نەچچە مەست پەيدا بولۇپ قالدى. ساناپ باقسام توپ ـ توغرا تۆت ئىكەن، تۆت. ھەممىسىنىڭ پەيلى يامان، ئاپلا، تايىقىمنى يەپ كېتىدىغان بولدۇم ـ دە، ئۇلار تۆت ئەمەس بىر بولغان بولسىچۇ كاشكى... مەستلەر يېقىنلاپ كەلدى.

ـ ھەي ئاغىنىلەر، قاراڭلار ئالدىمىزدا بىر پاگزا كېلىۋاتىدۇ، ھارامنى تولا يەپ سەمرىپ كەتكەن نېمە ئوخشايدۇ، ئانچە مۇنچە ئوچۇقداپ قويامدۇق، ـ دېدى ئارىدىن بىرى.

ـ توغرا، شۇنداق قىلايلى، مۇشتلارمۇ قىچىشىپ تۇراتتى، ـ دېدى يەنە بىرى ئۇنى قوللاپ. «تۆتى بىرلىشىپ، ئۇرە ـ ئۇر قىلىپ بىر زەمبىل گۆشكە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان بولدى، ـ دە». پۇتلىرىم تىترەپ يۈرىكىم ئەنسىز پوكۇلداشقا باشلىدى. قانداق قىلسام بولار؟ قېچىپ كېتەيمۇيا؟... ئىچىمگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ تۈزۈكرەك بىر چارە تاپالماي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە، بوي ـ بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇرغان بىرى كېلىپ ياقامدىن ئالدى.

ـ ھە پاگزا، خېلى نوچى نېمە ئوخشايسەن. بىرەر مەيدان تۇتۇشۇپ باقامدۇق؟ ـ دەل شۇ چاغدا كاللام چاقماق تېزلىكىدە ئىشلەپ قالدى. توغرا ئۇلارغا: «مەن ھازىدار» دەي، شۇنداق دېسەم...

ـ ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ پاگزا، ـ دېدى ھېلىقى ياقامغا ئېسىلىۋالغىنى ۋە قولىنى كۆتۈرگەندەك قىلىۋىدى، «چالڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن سول مەڭزىم قىزىتىلغان دەزمالنى ياققاندەك قىزىشىپ، ئاغرىپ كەتتى.

ـ ياق، ئاغىنىلەر، ماڭا چېقىلماڭلار. مەن ھازىر ھامىلدار... ـ ئاچچىق تولغىنىۋاتىم مەن جىم تۇرسام تاياقنىڭ يەنە تېگىشىدىن ئەنسىرەپ.

ـ ھامىلدار؟! ھا...ھا...ھا... ئاڭلىدىڭلارمۇ ئاغىنىلەر، ئەسلى بۇ پاگزا ھامىلداركەن. ھامىلدار!...

ـ قورسىقىنىڭ بەك يوغانلىقىغا قارىغاندا قوشكېزەك تۇغامدۇ نېمە بۇ پاگزا.

ـ ھا...ھا...ھا... ئۇلار ھەممىسى يۆگىنى كۆچەپ تارتقان ئۆشكىدەك سەت مەرىشىپ كەتتى.

ـ يا... ياق، ـ ئۆزۈمنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغۇنۇمنى سېزىپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتىم، ـ ھامىلدار بولۇپ قالغان ... ھازىدار...

ـ بۇ پاگزا ھامىلدار بوپ قالغان ھازىدار ئىكەن، ھا...ھا...ھا... ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشتى.

ـ بولدى ئاغىنىلەر، ئۇنىڭغا چېقىلمايلى، بولمىسا بالا تاشلىۋېتىمسۇن يەنە، ھا... ھا... ھا... ـ ئۇلار يەنە بىر مۇنچە سەت كۈلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئارىدىن بىرى:

ـ قايتايلى ئاغىنىلەر، بۇ پاگزا بىزنى كۈلدۈرۈپ كۆڭلىمىزنى خېلى ئوبدانلا ئېچىپ قويدى. خېلى قىزىقچى نېمىكەن.. دېۋىدى، قالغان مەستلەرمۇ ئالا ـ تاغىل ۋارقىراشقىنىچە كېتىپ قېلىشتى.

قىزىقچىمىش تېخى.. مېنى ئىزا ـ ئاھانەتكە،

خورلۇقتا قويغان كېلەڭسىز سىمىز بەدىنىمگە شۇنداق ئۆچلۇكۇم كەلدىكى ...ئەمدى قەتئىي ئورۇقلاش نىيىتىگە كەلدىم.

شەھەرىمۇ شەھەر ئايلىنىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە باشلىدىم. تەكشۈرۈپ كۆرگەن دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بىشىنى چايقىشىپ ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھەتتا سىمىزلىك كېسىلىنىڭ نىجاتكارى دەپ ئاتالغان بىر مۇتەخەسسىس:

ـ ئۇكام، بۇ سىمىزلىك ھازىر سىلەر ياشلاردىكى ئومۇميۈزلۈك ھادىسە بولۇپ قالدى. سىزنىڭ سەمرىش سۈرئىتىڭىز باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە تېز ئىكەن، ئورۇقلايمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، بەدىنىڭىزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىڭ. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن سەمرىشكە باشلىسىڭىز بىر قانچە يىلدىن كېيىن «جىننىس دۇنيا رېكورتى»نى بۇزۇپ تاشلىيالىشىڭىز مۇمكىن.ـ دەپ سوغۇق ھىجايدى.

ئورۇقلاشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تېلېۋىزوردا شەھىرىمىزگە ئامېرىكىدىن مەخسۇس ياشلاردىكى سىمىزلىك كېسىلىنى داۋالايدىغان بىر مۇتەخەسسىسنىڭ كەلگەنلىكى، داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ % 100 گە يېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ئېلاننى ئاڭلاتتى. يەۋاتقان تامىقىمنى قويۇپ، پىنگۇنىدەك ئىغاڭلىغىنىمچە ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم.ئېلاندىكى ئادرېس بويىچە «گۆھەر تۇپراق» مېھمانخانىسىنىڭ 308 ـ نومۇرلۇق ياتاق ئالدىغا كەلدىم. ئىشىك ئوچۇق بولغاچقا كىرىۋەردىم. ياتاق ئىچىدە 45 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى كۆك كۆز، سېرىق چاچ بىر كىشى گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

ـ ياخشىمۇ سىز؟ـ دېدى ئۇ راۋان ئۇيغۇر تىلىدا،

ـئىسمىم گولدىن داۋىد،داۋىد ئەپەندى دەپ چاقىرسىڭىز لا بولىدۇ، قېنى ئولتۇرۇڭ. ئىسمىڭىز؟

ـ ئىسمىم رۇسۇل.

ـ ھە، رۇسۇل دەڭ، ئۇلۇغ ئىسىم ئىكەن. رۇسۇل دېگەن بۇ ئىسىم مۇھەممەد ئەلەيسالامنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى «رەسۇلىللا» دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداقمىكىن، ـ دېدىم مۇجمەل قىلىپ.

ـ شۇنداقمىكىن دېگىنىڭىز نېمىسى رۇسۇل ئەپەندى. شۇنداقلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ، مەن داشۆدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۈچ يىل تەتقىق قىلدىم. شىنجاڭغا ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم كەلدىم، ھازىر ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر زور ھەجىملىك بىر كىتاب يېزىۋاتىمەن.

ـ ئۇنداقتا سىز دوختۇر ئەمەسكەنسىزدە؟ـ دېدىم مەن ئەجەبلىنىپ.

ـشۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مەن تىببىي ئىلىم ئۆگەنمىگەن. ئۆگەنگىنىم تارىخ، ئەپەندى. پەرىزىمچە سىز تارىخ ئۆگەنگەن ئادەم قانداق قىلىپ سىمىزلىك كېسىلىنى داۋالايمەن دەپ ئېلان بېرىپ يۈرگەندۇ دەپ ھەيران قېلىۋاتسىزغۇ دەيمەن، راست، بۇنداق بولۇشنى ئۆزۈممۇ ئويلاپ باقمىغان. لېكىن يېقىندا شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە سىلەرنىڭ تارىخىڭلارغا ئائىت ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، بىر قولىيازمىنى ئۇچرىتىپ قالدىم.ئۇنى ساقلاپ كېلىۋاتقان كىشى ئۇنىڭ قىممىتىنى ئانچە ئۇقمايدىكەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ يەنە كېلىپ مېنىڭدەك يىر چەت ئەللىكنىڭ سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قورسىقىغا جىن كىرگەن چېغى ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا ئىنتايىن يۇقىرى باھا قويۇپ تۇرۇۋالدى. سېتىۋالماي دېسەم ھېلىقى قولىيازما مېنىڭ يېزىۋاتقان ھېلىقى كىتابىمنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا شۇنداق قىممەتلىك بىر قولىيازمىنىڭ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالمىغانلىقى مېنى بەك ئەپسۇسلاندۇردى. بۇ قولىيازمىنىڭ دۆلىتىڭلارغا نىسبەتەنمۇ قىممىتى زور ئىدى. شۇڭا مەن بىرىنچىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەسىرى ئۈچۈن بولسا، ئىككىنچىدىن مەن دۆلىتىڭلارغا ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قىممەت بولسىمۇ شۇ قولىيازمىنى سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن مەندە ئۇنچە كۆپ پۇل يوق ئىدى. ئۇيان ئويلىنىپ بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن ئەپەندىم، ماڭا ئىشىنىڭ، سىمىزلىك كېسىلىنى داۋالاش جەھەتتىكى تېخنىكامغا گەپ كەتمەيدۇ. سىز توي قىلغانمۇ؟

- ياق تېخى.

- توي قىلمىغان دەك، ئۇنداق بولسا ئائىلىڭىزنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

مەن ئائىلە ئەھۋالىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

- ياخشى، مەن سىزگە بىر رېتسېپ يېزىپ بېرەي، بۇ ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمىدىن ھالقىپ كەتكەن يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇلى، پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بويىچىلا سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن 500 يۈەن داۋالاش ھەققى تاپشۇرۇڭ. ئاندىن رېتسېپنى يېزىپ بېرەي.

ئۇ ئۇزاتقان رېتسېپ قەغىزىنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتۈم-دە، ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالدىم. كېلىشتىن بۇرۇنقى ئۈمىدلىرىم شامال سوققان كۆلدەك قاياقلارغىدۇ توزۇپ كەتكەنىدى. قەغەزگە پەقەت: «توي قىلىڭ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى» دەپلا يېزىلغانىدى. ئەخمەق قىلىنغانلىقىم ئېنىقلا ئىدى.

رېتسېپنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، سىزگە ھۆددە قىلىمەنكى رېتسېپ بويىچە ئىش كۆرسىڭىز ئۈنۈمى 100% گە يېتىدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسىڭىز سىز ماڭا بەرگەن پۇلنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان تۆلەم پۇلى تۆلەيمەن، ھە راست، بۇ يەردە بىر سىنىڭ ئادرېسى بار. ئۇنىڭ سېمىزلىك كېسىلىنىمۇ مەن ساقايتقان. ئۇ سىزدىنمۇ ئۆتە سېمىز ئىدى، ئەپەندىم. ئىشەنمىسىڭىز، مۇشۇ ئادرېس بويىچە ئىزدەپ بېرىپ سوراپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. مەن ھېلىقى ئادرېسقا قارىدىم- دە، ئازراق ئۈمىدلەنگەندەك بولدۇم. چۈنكى ئادرېستىكى كىشى مېنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقدىشىم ئىدى.

ھېلىقى ساۋاقدىشىمنى ئىزدەپ تېپىپ بىر چاغلاردىكى سېمىز، بۇدرۇققىنە ساۋاقدىشىم مۇشۇمىدۇ دەپ ھەيران قالدىم. چۈنكى ئالدىمدا بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ھالەتتىكى سولغۇن بىر كىشى تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى دوختۇرنىڭ ئىشىنى سورىدىم.

— راست، مەن سەندىنمۇ ئۆتە سېمىز ئىدىم. ئاشۇ داۋىد ئەپەندىنىڭ رېتسېپى بويىچە ئىش قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. سەنمۇ شۇ يەرگە بارغان ئوخشىمامسەن،- دېدى ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

- ساڭىمۇ «توي قىلىڭ» دەپ رېتسېپ يېزىپ بەرگەنمۇ،- دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

- ياق،— دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ،- ماڭا «سودا قىلىڭ» دەپ يېزىپ بەرگەن ئىدى. سودا قىلىمەن دەپ قويىمچىلارغا ئۇچراپ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم. سۆزلىسەم گەپ تولا. قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكىنىمنى ئايالىم ئۇققاندىن كېيىن قورسىقىدىكى ئەمدىلا بەش ئايلىق بولغان ھامىلىنى مەندىن رۇخسەتسىز چۈشۈرىۋېتىپ، كۈندە مەن بىلەن سوقۇشۇپ ئاخىرى خېتىنى ئالدى...- ئۇ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن مەندىن تاماكا سورىدى.

كېتىۋېتىپ دوستۇمغا بەكلا ئىچىم ئاغرىدى. ھېلىقى تاش يۈرەك قويىمچىلارغا، دوستۇمنى يامان ۋاقىتتا تاشلاپ كەتكەن بىۋاپا خوتۇنغا نەپرەتلەندىم، لېكىن دوستۇمغا ياردەم قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. مېنىڭ ھازىرقى مۇھىم ئىشىم ئۆزۈمنىڭ سېمىزلىك كېسىلىنى داۋالاش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋىد ئەپەندىنىڭ دېگىنى بويىچە توي قىلىدىكەنمەن...

ئاخىرى تويغا تۇتۇش قىلدىم. «توي» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك ئاتالغۇنى قانداقراق بىر كىشى ئوتتۇرىغا قويغان بولغۇيتتى. توي قىلىمەن دەپ بىر ئايدىن بېرى ئالدىراپ تېنەپ ھېچ بىر ھالىم قالمىدى. بولغۇسى ئايالىمنىڭ تەلىپى بويىچە مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە كونا ئۆيلەرنى بۇزۇپ - چېقىپ يېڭىدىن بىر يۈرۈش ئۆي سالدىم...

باشقا ئىشلارنى دېمەيلا قوياي... توي كۈنى ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى تونۇيالمايلا قالدىم. ئەينەكتە مەن ئەمەس بەلكى بىر ئەرۋاھ. ئاستا تامغا يۆلىنىۋالدىم. كۆز ئالدىمدا ئەينەكتىكى ھېلىقى ئەرۋاھ... قولىدا بىر تۇتام قەرز ھۆججىتى ... ئاجىز ئىڭرىۋەتتىم: ئاھ! سېھىرلىك يېڭى رېتسېپ...


تەھرىرى: 08
(ئۆركەش ئىبراھىم)

# شېئىر مۇستەقىل ئىجادىيەت

ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

شېئىرىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتى كۆپلىگەن شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا، لېكىن شېئىرىيەت سەھنىسىدىكى بىر قىسىم كۆچۈرمىكەش «شائىر»لار ئاشۇ قىزغىن شېئىر ھەۋەسكارلىرىنىڭ قەلبىگە سوغۇق سۇ سېپىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بىر قىسىم ئىختىساسلىق شائىرلار ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. چۈنكى شېئىر ئۇنچىلا قەدىرسىز، شائىر ئۇنچىۋالا ئاددىي، بولمىغۇر ئادەم ئەمەس ئىدى. شېئىرىيەت مۇستەقىل ئىجادىيەت، شائىر ئوت يۈرەك ئادەم ئىدى. قانداقتۇ شائىرلىق كوچىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بىر قىسىم «بىچارە، كۆچۈرمىكەش» شائىرلار ھەقىقىي شائىرلارنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرمەكتە. ئەپسۇس كۆپ يىللاردىن بېرى يۇقىرى بىر كېسەل كۆچۈرمىكەشلىك تۆپ يىلتىزىدىن قۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن قايتا بىخ سۈرۈپ قاپتۇ. قىزغىن ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى بۇندىن توققۇز يىل مۇقەددەم تىترەتكەن بىر شېئىر مانا بۈگۈن قايتىدىن بىراۋنىڭ چىرايلىق پۈچۈركىسىدا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. بىراق، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دېگەندەك، بۇ ساختىلىق ھايال بولمايلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. شېئىر بۇ كۆچۈرمىكەشلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى، ئۆز ئىگىسىنى تېپىپ بېرىشنى ئىندا قىلدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلار، ۋاقىت سىلەرگە قىممەتلىك، ئەگەر بۇنداق ئەھۋال بولمىغان بولسا، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى ئالمىغان بولاتتىم. تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

مەن ئۈچۈن سەن ئەمدى ئۇنتۇلغان بىر
چۈش
كېرىمجان سۇلايمان
بىلمەيمەن، قانداقچە كىردىڭ قەلبىمگە،
بىلمەيمەن، كەتتىڭ ھەم قانداقچە ئۇزاپ؟
بىلمەيمەن، يەتتىڭمۇ مېنىڭ قەدرىمگە،
بىلمەيمەن ۋە ياكى بەردىڭمۇ ئازاپ؟
بىلمەيمەن، ئىشقىمنى قىلدىڭمۇ ئىزھار،
بىلمەيمەن، قانداقچە بولدۇڭ سۆيۈش؟
بىلمەيمەن ھەممىنى، بىلمەيمەن زىنھار،
مەن ئۈچۈن سەن ئەمدى ئۇنتۇلغان بىر
چۈش،

— «تارىم» ژۇرنىلى 1989 - يىلى 10 - سان 59 - بەت.

ئۇنتۇلغان چۈش
گۈلشەن ئەبەيدۇللا
بىلمەيمەن، قانداقچە كىردىڭ قەلبىمگە،
بىلمەيمەن قانداقچە كەتتىڭ ھەم ئۇزاپ.
بىلمەيمەن، يەتتىڭمۇ مېنىڭ قەدرىمگە،
بىلمەيمەن ۋە ياكى بەردىڭمۇ ئازاب.
بىلمەيمەن، كۆردۈممۇ شادلىق سېنىڭدىن،
بىلمەيمەن قانداقچە بولدۇڭ سۆيۈش.
بىلمەيمەن ھەممىنى بىلمەيمەن زىنھار،
سەن ئەمدى مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغان بىر
چۈش.

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1997 - يىلى 6- سان، 60- بەت. پاكىت ئەنە شۇنداق، رېئاللىق ئالدىدا ھېچكىمنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ھوقۇقى يوق دەپ قارىغاچقا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويدۇم. سىلەرنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. (09)

## ئەتە ئۇچۇن بۇگۇن غەم يېدىم

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

چاچراپ چىقتى روھىم قېنىدىن،
چەكسىزلىككە ئىنتىلىپ ئېگىم.
زۇلمەت تۇننى بۆسۈپ چېكىدىن،
ئاتتى نۇرلۇق، ئۆز - گۇزەل تېگىم.

پەرۋاز قىلدىم ئۇمىد كۆكىدە،
تەشۋىشلەردىن خالى، بىگۇمان.
«مەغلۇپ» سۆزى لۇغىتىمدە يوق،
ئۇدۇم ماڭا غالىبلىق ھامان.

ھېسلىرىمدا ھاكىم ئەقىدەم،
دىلدا مەھكەم تۇيغۇ ئېتىقاد.
ئۆلۈمگە باش ئەگمەس ئىرادەم،
ئەكس ھالەت يىلتىزىمغا يات.

ھايات گويا دولقۇنلۇق دېڭىز،
بىخۇتلارنى يالماپ، يوق ئامال...
قىلالمايدۇ ئەرلەرنى ھەرگىز،
زۇلۇم - سىتەم بوزەك ۋە قامال.

ئىسكەنجىدىن سۇغۇرۇلۇپ دەردىنىڭ،
ئاقلانغۇم بار ۋىجدان سوتىدا.
قەدىرلەيمەن بەخت - ئەركىمنى،
كۆيسەممۇ گەر ھىجران ئوتىدا...

قىستاپ مېنى بۇرۇچ تۇيغۇسى،
ئاسىي روھنى قىل، دېدى، بەربات.
ئەتە ئۇچۇن بۇگۇن غەم يېدىم،
بار ئەمەسمۇ ئالدىمدا ئەۋلاد؟!



## زارىقىش

نامانجان تۇرسۇن (شىجائەت)



ئەسەبىيلىك چۇلغىغان دەملەر،
كىملەرگىدۇر چېچىلغۇم كېلەر.
ئاق كېچىدە ئاق لەيلى بولۇپ،
قىز كۆكسىدە ئېچىلغۇم كېلەر.

ئۇغرىلايدۇ ئۇيقۇمنى ھەر تۈن،
ئاستىمدىكى كارىۋات غىچىرلاپ.

ئەسلىتىدۇ كىمنىدۇر سابا،
قۇلىقىمغا نازلىق پىچىرلاپ.

باشلاپ كېتەر قۇياش ھەر سەھەر،
خىيالىمنى يىراق ئۇپۇققا.
قاچانغىچە يۈرۈيمەنكىنتاڭ؟
سىرلىرىمنى ئوراپ يوپۇققا.

## سەنسىز

ئايگۈل روزى

كۆكتە ئۆزگەن يۇلتۇز شولىسى،
گۈل بەرگىگە چۈشكەندە سانسىز.
جىرالارغا كۆمدى ئىزىڭنى،
ئېچىرقىغان يۈرىكىم ھالسىز.

چۆچۈپ كەتتى مەجرۇھ روھلىرىم،
باھاردىكى چۈشتىمۇ ئەنسىز.
ئىشقىم لاۋا - چوغقا ھامىلدار،
كۆيۈپ كەتتىم ئوتتۇڭدا سەنسىز.

## مەيلى ئۆلسەم، شېئىرىم ئۆلمىسە

ئەدىھەم ئىبراھىم

بېسىلمىسا مەيلى شېئىرىم،
مەتبۇئاتتا قەغەز يۈزىگە.
سۆيۈنىمەن يازغانلىرىمدىن،
بېسىلسىلا خەلقىم كۆڭلىگە.

يازغانلىرىڭ شېئىر ئاتالماس،
ئەل سۆيمىسە، سۆيۈپ كۆرمىسە.
ۋەتىنىم دەپ، خەلقىم دەپ يازاي،
مەيلى ئۆلسەم شېئىرىم ئۆلمىسە.

## لىرىكا يازدىڭسەن كىمگە بېغىشلاپ؟ .

ئابدۇرېھىم ئەھمەد (شاھيارى)

تۇرىمەن قولۇمدا ساڭا يازغان خەت،
بۇ قولۇلدار قوشۇلۇپ ماڭا بۇ خىلۋەت.
ئۇنتۇشنى ئويلايمەن سېنى ئېھ جانان،
بىراق سەن كۆزۈمگە كۆرۈنگەن سۈرەت.

سەن نەدە، ئېھتىمال ئۇنتۇپ مېنى،
بەختىنىڭ قوينىدا كۈلگەنسەن ياىراپ.
شۇ دەقىق كۆزلەردىن چاچرىتىپ ئۇچقۇن،
لىرىكا يازدىڭسەن كىمگە بېغىشلاپ.

## ناۋائى غەزىلىگە تەخمىس

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

بىر كۆرۈپ چۈشۈمدە ئاشىق بىقارار بولدۇم ساڭا،
نە ئامال - نە ئىختىيار، ماڭما - لاۋا بولدۇم ساڭا،
مەيلى خالا - خالىما مەن جان پىدا بولدۇم ساڭا،
كۆرگىلى ھۆسنىڭنى زارۇ - مۇپتىلا بولدۇم ساڭا،
نە بالالىغ كۈن ئىدىكىم ئاشنا بولدۇم ساڭا.

تەلمۈرۈپ كۈتتى ئۈمىد كۆپ ۋەسلى زىمزىمىدىن كۆڭۈل،
قىلدى سەجدە چوڭ بىلىپ ھەم سېنى ھەرەمدىن، كۆڭۈل،
بولمىغاچ ئەمما دىققە ھېچ خالاس غەمدىن كۆڭۈل،
ھەرنىچە دىدىمكى كۈن - كۈندىن ئۈزەي سەندىن كۆڭۈل،
ۋەھكى كۈن - كۈندىن بەتەررەك مۇپتىلا بولدۇم ساڭا.

نەزەرىمدە مەن قەيس شەكسىزكى سەن چىن لەيلىدىك،
بىر تەبەسسۇم ئەيلىبان بۇ جاننى ئالساڭ مەيلىدىك،
ئەكسىچە بىۋاپالىقتا دىل بىغىمنى چەيلىدىك،
مەن قاچان دىدىم: «ۋاپا قىلغىل ماڭا» زۇلۇم ئەيلىدىك،
سەن قاچان دىدىڭ «فىدا بولغىل ماڭا» بولدۇم ساڭا.

چىدىدىم بىر سەن ئۈچۈنلا بارچە دەرتلەرگە پەقەت،
ئەمدى سەن ماھى تابانىم رەھىمسىزلىكنى تۈگەت،
مەجبۇنىڭغا ھەم ئاسايىشلىق يولىنى بىر ئۈگەت،
قاي پەرى پەيكەرغە دەرسەن تەلبە بولدۇڭ بۇ سۈپەت،
ئەي پەرى پەيكەر، نى قىلساڭ قىل، ساڭا بولدۇم ساڭا.

تارتا - تارتا دەرد - بەلانى قالمىدى مەندە چىدام،
سەن يۈرۈيسەن ئەي پەرى ئەمما بىغەم ۋە شات - خۇرام،
يالۋۇرۇپ شۇنچە ئۆرۈپ ئاھ، تاپمىدىم ۋىسال دۇرام،
جامى جەم بىرلە خىزىر سۈيى نەسىبەمدۇر مۇدام،
ساقىيا، تاتەركى جاھ ئەيلەپ گەدا بولدۇم ساڭا.

ھېچبىر ئاشىق بولمىسۇن خەپ مەن كەبى بەختى قارا،
ئاھ دىسەم شۇ ئاھ بىلەن ئالەم ئارا يالقۇن تارا،
يوق مېنىڭدەك بۇ جاھاندا دىلشىكەست بەختى قارا،
غۇسسە چەڭگىدىن نەۋائى تاپمىدىم ئۇششاق ئارا،
تا ناۋائىدەك ئەسىرۇ بىنەۋا بولدۇم ساڭا.

## بەزىلەر

مۇھەممەت تۇرسۇن ئابدۇكېرىم

پال ئاچقۇزۇپ ئۆزىگە ئۆتەر ئىكەن بەزىلەر،
تەلىيىنى پالچىدىن كۈتەر ئىكەن بەزىلەر.
پالچى تۇرسا ئالدامچى ئاقنى قارا دەيدىغان،
پالچىلارنىڭ سۆزىگە يۈتەر ئىكەن بەزىلەر.

ياخشى چىقسا پال ئەگەر، كەلگەن كەبى خۇش خەۋەر،
تولۇپ دىلى شادلىققا كۈلەر ئىكەن بەزىلەر.
ئۆز بەختىنى ئىزدىمەي مېھنەتتىن - ئەجرىدىن،
تەقدىرىنى پالچىدىن كۆرەر ئىكەن بەزىلەر.
ئەي مۇھەممەت يۈتمىگىن پالچىلارنىڭ سۆزىگە،
ئۆز پۇلىنى پالچىغا بېرەر ئىكەن بەزىلەر.

## قارا كۆز

پاتەم دۆلەت

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
ھاۋالىقكەن قارا كۆز.
سىزگە كۆيگەن يۈرەكلەر،
يارالىقكەن قارا كۆز.

ئالا پاچاق ئات مىنىپ،
ياندايلىمۇ قارا كۆز.
ئۈچ - تۆت ئېغىز سۆز قىلىپ،
ئالدايلىمۇ قارا كۆز.

يۈرىڭىزدا قالغىچە،
ئوتنى ئېلىڭ قارا كۆز.
ئوتنى ئالماي يۈرگىچە،
جاننى ئېلىڭ قارا كۆز.

## يۇشۇرۇن ئۈمىد

نىياز چاتقال

چىققىنىمدا ئۆزۈمدىن - ئۆزۈم،
بولۇپ قالدىم مەن قانداق بەندە.
قارىغۇم يوق ئاسنا ئۆرۈلۈپ،
قەدىمىمدە كەلسە سۆرۈلۈپ،
توڭۇپ كەتكەن سوغوق مۇساپە..

تۇرغاندىمىز بەلكىم ئىككىمىز،
يىراقلاشنىڭ ئۆكسۈشلىرىدە.
ياتسىرىشىپ يۈرسەكمۇ بۇدەم،
ئايلىنىمىز لېكىن بىر كۈنى-
ئىللىق لەۋنىڭ ئېيجەش تەمىگە.



تەھرىرى: (09)
ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت



→ تېمىسىز



↑ سېھرىگەرنىڭ سېھرى كۈچى



↑ سىرتماق



↑ كېلىشىمدىكى ھىيلە



↑ ئوغرى بىلەن ساقچى



↑ تېمىسىز

# ئۆسمۈرلەر بەدىئىي سۈرەتلىرىدىن تاللانما



ئەكبەر ئەخمەت فوتوسى (11 ياش)



ئىلشات ئىلھام فوتوسى (12 ياش)



ئاينۇرگۈل ئابلىز فوتوسى (11 ياش)

ئىسكەندەر ئۆمەر فوتوسى (14 ياش)





دىلبەر مۇھەممەتنىياز فوتوسى (15 ياش)



گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم

مۇشتەرى بولۇڭ

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىنى قولىڭىزغا ئالغان ۋاقتىڭىزدا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ۋە «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرناللىرىغا 1998 - يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا باشلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا ئوخشاشلا ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى قارىمىقىدىكى تارقىتىش شىركىتى مۇشتەرى قوبۇل قىلغان ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق مۇشتەرىلارنىڭ قولىغا ئۆز قەرەلىدە ئاپىرىپ بېرىدۇ. «شىنجاڭ ياشلىرى» نىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ. يەنى ھەر پارچىسىنىڭ باھاسى 2.35 يۈەن، يىللىق مۇشتەرى ھەققى 28.20 يۈەن بولىدۇ. «تارىم غۇنچىلىرى» نىڭ ئايلىقى 1.60 يۈەن، يېرىم يىللىقى 9.60 يۈەن، يىللىقى 19.20 يۈەن بولىدۇ. مۇشتەرى بولۇش پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال ئورنىڭىزدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى ئىزدەڭ.

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىرىقتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدە.

### تېلېفون بېرىڭ

باش مۇھەررىر: 2818446
ئۇيغۇر بۆلۈمى (1): 2817081
ئۇيغۇر بۆلۈمى (2): 2225064
رەسساملار بۆلۈمى: 2816109
خەنزۇ بۆلۈمى: 2817079
مەمۇرى بۆلۈم 2818445

### ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىزنى كونۋېرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا 360 كۈننىڭ ھەممىسىدە مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.